# گلہائے ناقداں

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال
2017 ـ يىل 4 ـ سان
(ئومۇمي 162 ـ سان)

## دەۋر ۋە ئەنئەنە

ئاممۋى مەدەنىيەتنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىككە تاقابىل تۇرۇشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرايلى ........................ بېلىقىز يۇسۇپ (1)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

مەلىكە نۇرجامال ................................................... (3)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سىنىڭكى

ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ... مەنسۇرجان تۇرسۇن (16)
خوتەن بوستانلىقى ................... ئابلەت ياسىن (21)
ئاتچىلىق مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (24)
لوپنۇردىكى مىراس جىلۋىسى ...................... مەتسەيدى مەتقاسىم (34)
سۈپەتلىك ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى مۇھىم ھالقا ...
........................................... نۇر يۇنۇس (77)

## ئايدىڭ كېچىلەر

مۇھەببەت قوشاقلىرى ........................................... (42)

## ئادەت قېرىماس

ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق قوراللىرىمىز ......... مۇھەممەدجان تىلىۋالدى (47)



باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: نۇرنىسا باقى
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: نۇرنىسا باقى
خۇرسەنئاي مەتىمىن
ئەزىزەم تۇيغۇن
مەمەتيۈسۈپ ياسىن
باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 ـ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىتتىپاقلىشىپ،
جۇڭگو ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرايلى!


تۇغۇتلۇق ئايالالارنى بېقىش ئادىتى ............ رىزۋانگۇل ئوبۇل (54)

قومۇلنىڭ يەرلىك كىيىم ـ كېچەكلىرى ............ نۇرگۇل مۇھەممەد (57)

كېرىيەدىكى بىر قىسىم يەر ـ جايناملىرى توغرىسىدا ................ رىسالەت ئابدۇقادىر (59)

ئاۋات ناھىيەسىدىكى «توغراق» بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي ناملىرى ................ تۇرغۇن مىجىت قادىر (62)

ئەنئەنىۋى ئاياغ ــ پىيما ............ ئابلىمىت ئابدۇرېشىت (67)

قارلىق مەشرىپىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ............ ھۆسەنجان نامان (70)

يۇرتىمىزدىكى دەڭ ـ سارايلار ............ مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (72)


بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 34 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 34 يىللىق شانلىق تارىخىدا 162 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 34 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھترام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: روزىتوختى تۇرسۇننىياز نەۋبەت
كوررېكتور: نۇرنىسا باقى
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: «مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسى»
مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: «چىڭقى چۈشتىكى ھويلا» ۋاڭ يەن (خەنزۇ) سىزغان
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ھۆسەنجان قاسىم تەمىنلىگەن


Chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


主编：
**木合塔尔·买买提**
(编审，法人代表)
**本期责任编辑：**
**努尔尼沙·巴克**（副编审）
编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**艾孜再木·吐依洪**
**买买提玉素甫·牙生**
主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：**58—60**
**E－mail:** mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىككە تاقابىل تۇرۇشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرايلى

بىلقىز يۇسۇپ

ئىنسانلار ياشاش ئۈچۈن ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تارتىپ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەتتىن پايدىلىنىش، تەبىئەتنى قوغداش جەريانىدا ئىپتىدائىي تۇرمۇش ھالىتىدىن تەرەققىي قىلىپ، زامانىۋىلىققا، ياۋايىلىقتىن مەدەنىيلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي، ئادىمىي قىياپىتىنى ياراتتى. بۇ تەرەققىيات جەريانى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ھەمدە ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەدەنىيەت بىر دۆلەتنىڭ جان تومۇرى، بارلىق تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ — جۈملىدىن سىياسەت، قانۇن، تۈزۈلمە، ئىشلەپچىقىرىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مائارىپ، پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئەمىنلىكى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى خاتىرجەم ياشاشنىڭ مەنىۋى ئاساسى ھەم تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

زامانىمىزدىكى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ رولى، ۋەزىپىسى بولسا — ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، كىشىلەرنى نادانلىق، خۇراپاتلىق، قاششاقلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئورتاق بېيىشقا يېتەكلەپ، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدىغان، قىلىش ھەمدە ھەرقايسى مىللەتلەر پىسخىكىسىدا تەرەققىياتقا، مەدەنىيلىككە تەلپۈنىدىغان، ئىلغار زامانىۋى مەدەنىيەت روھىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئاممىۋى مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ كەسپىي ۋەزىپىسى، فۇنكسىيەلىك رولى بىلەن تۈرلۈك شەكىلدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى مەدەنىيەت جەھەتتىن تەربىيەلەش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەربىيەلەش مەقسىتى كىشىلەرنى زامان تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان ئىلغار ئىدىيە، سوتسىيالىستىك زامانىۋى ئاڭغا، ئىلغار مائارىپ ئىلغار پەن-تېخنىكا تەربىيەسى ئارقىلىق، ھازىرقى زامان

بىلىم قۇرۇلمىسى سەۋىيىسىگە، ھەر مىللەت خەلقىنى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت ئاساسىدا بىردەك ئىتتىپاقلاشقان، مۇستەھكەم بىرلىك ئاساسىغا ئىگە قىلىپ، خەلق باي-باياشات ياشايدىغان گۈزەل بىر دۆلەت بەرپا قىلىپ، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي-قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەدەنىي بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

دۇنيادىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا نۇرغۇن زىددىيەتلىك ھادىسىلەر ساقلانغان بولۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى مەنبە قىلغان قان پانئىسلامىزىم دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئاز ساندىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ كۆتۈرۈپ چىققان ئىسلام خەلىپىلىك تۈزۈلمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى نىشان قىلغان بىر خىل سىياسىي ئىدىيەۋى تەتۈر ئېقىمدۇر. بۇخىل خاتا ئىدىيە رايونىمىزدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىچكى-تاشقى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ تەسىرى ھەممە ئىشتا دىننى ئۆلچەم قىلىدىغان، قانۇن، مائارىپ، مەدەنىيەت ئائىلە، تۇرمۇش ئىشلىرىدا دۆلەت قانۇنى، دۆلەت تۈزۈلمىسىنى چەتكە قېقىپ دىنىي شەرتى، قانۇنسىز دىنىي قاراشلارنى ئۆلچەم قىلىدىغان ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىپ، مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن، تارىخ قارىشى مۇجمەل، كىشىلەر ئارىسىدا ئەسەبىي دىنىي كۆز قاراش بىلەن دىنىي ئەسەبىي ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان باشقا مىللەت كىشىلىرىنى، پارتىيە ئەزاسى ۋە ئىلغار ئىدىيەسىدىكى زىيالىيلارنى «كاپىر»، «دۈشمەن» كۆرىدىغان دىنىي ئەسەبىيلىك ئارقىلىق ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى پارچىلاپ، مەدەنىيەت مائارىپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، مەدەنىيلىكنى چەكلەپ ئۇيغۇر مىللىتىنى نادان، خۇراپىي، مەدەنىيەتسىز، نام-نىشانسىز بىر توپقا ئايلاندۇرۇپ قويماقچى بولدى. ئېنىقكى، يەنە بىر قېتىم جاھالەت پاتقىقىغا ئىتتىرمەكچى بولدى، بۇنىڭغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش لازىم.

نۆۋەتتە دىنىي ئەسەبىيلىككە قارشى كۈرەشتە مەدەنىيەت سېپىدىكى كەسپىي خادىملار بايرىقى روشەن ھالدا شى جىنپىڭ باش شۇجى يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى مۇستەھكەم ساقلاپ، كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپى يەنى ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە زەربە بېرىش بىلەن خەلق ئاممىسىنى ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەشۋىقات، تەربىيەلەش رولى ئارقىلىق تەربىيەلەپ، مەدەنىيەت، تەشۋىقات ئۇگۇت بازىسىنى مۇستەھكەم ساقلىشى، «ئۈچ خىل كۈچ» كە قارشى كۈرەشتە خىزمەت كۆرسىتىپ نەمۇنىلىك بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى لازىم.

ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئۆز رولىنى تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق جارى قىلدۇرىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن جايلاردىكى ئۈچ ئەل خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن ياخشى ماسلىشىپ، سىياسىي تەشۋىق-تەربىيە، قانۇن-تۈزۈم تەربىيەسى، ئىنتىزام تەربىيەسى، مەدەنىيەت، بىلىم تەربىيەسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى تۈرلۈك ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك مەزمۇندىكى كۆرگەزمىلەر ئارقىلىق دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ ئەكسىيەتچىل مەزمۇنىنى پاش قىلىش، دېھقان رەسساملارنى دىنىي ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى سىزىشقا تەشكىللەش، تۈرلۈك تەنتەربىيە، ئويۇن پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئاممىنى تەربىيەگە ئىگە قىلىش لازىم.

بۆلگۈنچىلىك، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسى دىنىي ئەسەبىيلىكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۈچ خىل كۈچلەرگە زەربە بېرىشتە دىنىي ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ سىياسىي ئىدىيەۋى تەربىيەلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈپ مەدەنىيەتنىڭ ئادەم تەربىيەلەشتىكى فۇنكسىيەسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشلىرى لازىم.

ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىدىكى سىياسىي ۋەزىپىسىنى ئېنىق تونۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزنى باي، قۇدرەتلىك مەدەنىي، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، مائارىپ، پەن-تېخنىكا جەھەتتە تەرەققىي قىلغان قۇدرەتلىك، زامانىۋىلاشقان، دۆلىتىمىز بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك زامانىۋى رايون قىلىپ قۇرۇشقا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشۇشى، سوتسىيالىستىك زامانىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئاۋانگارتلاردىن بولۇشلىرى لازىم.

(ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت مەدەنىيەت پونكىتىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەلىكە نۇرجامال



قەدىم زاماندا چىن مەملىكىتىدە مەھمۇد ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، داڭقى ئالەمگە پۇر كەتكەن، ئېلىدە ئىلىم- مەرىپەت راۋاجلانغانىكەن. شاھ ئادىل بولۇپ، پۇقرالارنىڭ ئەمىنلىك ۋە پاراغىتىنى كۆزلەيدىكەن، شۇڭا بۇ ئەلنىڭ پۇقرالىرى ئۆز شاھىدىن مەمنۇن ئىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرنى چاقىرىپتۇ. ۋەزىر كېلىپ:

— سالام كېرەملىك شاھىم، مۇبارەم دىللىرى نېمىنى خالىدى؟ كەمىنە سادىقلىرى ھۇزۇرلىرىدا ئەمرلىرىگە ئىنتىزارمەن، — دەپتۇ.

— دىلىم شىكار قىلىشنى خالايدۇ، شۇڭا بىر ئايلىق شىكار تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىنسۇن، ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىمىز، — دەپ ئەمىر قىپتۇ شاھ.

— جانابى شاھىم، بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن، — دەپتۇ ۋەزىر.

مۆھلەت پۈتكەندىن كېيىن مەھمۇد شاھ بىلەن ۋەزىر- ۋۇزۇرالىرى، ئاكا بىر- ئەشرەپلىرى بولۇپ مىڭ ئادەم قورال- ياراق، ئوزۇق- تۈلۈك، چېدىر- بارگاھلىرىنى ئېلىپ، داقا- دۇمباقلىرىنى چېلىپ زور ھەيۋەت بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار چۆل- جەزىرىلەردە بىر نەچچە كۈن يۈرگەندىن كېيىن بىر جايغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ جاينىڭ بىر تەرىپى تاغ، تاغ باغرى بۈك- ئورمانلىق، چوڭ- كىچىك كۆل، ئەتراپى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان خۇش ھاۋالىق جاي ئىكەن. ئەمما بۇ جاينىڭ ھايۋانلىرى بەكمۇ سەزگۈر بولغاچقا دەبدەبە بىلەن كېلىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ، دەرھال جەم بولۇپتۇ- دە، ئۆز شاھىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپتۇ. ھايۋانلار پادىشاھى ئۇلارغا شۇنداق دەپتۇ:

— تۆت پۇتلۇقلار ۋە ئۇچارلىقلار، ئورمان ئارىلاپ تاغ ئارىسىغا قېچىڭلار، ئۇچالمايدىغانلار بىلەن تېز ماڭالمايدىغانلار ئورمانلىققا مەھكەم يوشۇرۇنۇڭلار. بىز مۇشۇ چارە بىلەن بەرداشلىق بەرسەك شىكارچىلار زېرىكىپ يېنىپ كېتىدۇ. ئاندىن كېيىن بىز يەنە قايتىپ كېلىپ خاتىرجەم ياشايمىز.

شىكارچىلار چېدىر- بارگاھلىرىنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن شىكارنى باشلاپتۇ. قارىسا بۇ يەردە بىرەر ھايۋاننىڭ ئەسىرىمۇ يوق ئىمىش، ئىت ۋە تايغانلارمۇ ھېچنەرسە تاپالماي تاغقا قاراپ ھاۋشىپتۇ. مەرگەنلەر قۇشقاچ، قاغىغا بىر نەچچە قېتىم ئوقيا ئۈزگەن بولسىمۇ زادىلا تەگكۈزەلمەپتۇ. تەرەپ- تەرەپكە چېپىشىپ غەنىيمەتكە ئېرىشەلمىگەن شىكارچىلار ناھايىتى پەرىشان بوپتۇ. شۇنچە ياخشى جاڭگالدىن بىرەر ئوۋغا ئېرىشەلمىگەنلىكىگە خاپا

بولغان پادىشاھ ئىلاجسىز قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. شۇنچە كۆپ شىكارغا چىقىپ بۇگۈنكىدەك نا ئۈمىد بولۇپ باقمىغان پادىشاھ ئىنتايىن مەيۈسلىنىپتۇ. شەھەرگە يېرىم كۈنلۈك يول قالغاندا بىر ھاۋالىق جايغا كەپتۇ-دە، ۋەزىرنى چاقىرىپ:

— بۇ يەردە ئارام ئالايلى، ھاۋا يانغاندىن كېيىن مېڭىشنى داۋاملاشتۇرايلى، — دەپتۇ.

مۇلازىملار بۇلاق يېنىدىكى بىر تۈپ تېرەك تۈۋىگە تەخت راستلاپ تۆشەك سېپتۇ. پادىشاھ تۆشەك ئۈستىدە يېتىپتۇ، كۆزىنى ھەرقانچە يۇمۇپ باققان بولسىمۇ ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. شۇنداق ھالەتتە ياتقاندا بىر قاغا كېلىپ تېرەكنىڭ ئۇچىغا قونۇپتۇ-دە، قاقىلداپ سايراپ قويۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھقا قاغىنىڭ ئاۋازى باشقىچە تەسىر قىپتۇ. «بۇ قاغا نېمە دەپ سايرايدۇ؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭ مەنىسىنى بىلمىكىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. دە ۋەزىرنى چاقىرتىپ دەپتۇ:

— ئېھ ۋەزىر، سەن بولساڭ ئاقىل ۋە دانا سەن، سېنىڭ ئوردىغا كەلگىنىڭگە ئۇزاق بولدى، شۇنىڭدىن بۇيان سەلتەنىتىمگە شېرىك بولدۇڭ، مەملىكەت خەلقى ئالدىدا چوڭ ئىززەت ۋە شان-شۆھرەتكە نائىل بولدۇڭ، بۈگۈن ساڭا خىزمەت قىلىدىغان پۇرسەت كەلدى. سەندىن سوئال سورايمەن، مېنىڭ سوئالىمغا ھەر نېمە قىلىپ جاۋاب بېرىپ، مېنى مۇشكۈلدىن ئازاد قىلغايسەن، — دەپتۇ.

— ئېھ پادىشاھى ئالەم، سۇلتانى باكېرەم ھەرقانداق بۇيرۇقلىرى ۋە قىيىنچىلىقلىرى بولسا جان-دىلىم بىلەن ئورۇنداشقا ھازىرمەن، — دەپتۇ ۋەزىر سەل ھودۇققان ھالدا.

پادىشاھ قاغىنىڭ سايرىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ:

— ماڭا قاغىنىڭ سايرىشىدا نېمە مەنا بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك. ئەگەر تولۇق جاۋابقا ئىگە قىلالمىساڭ، سەلتەنىتىمنىڭ نوپۇزى يۈزىسىدىن دارغا ئېسىلىسەن، — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ كۆزىگە ئالەم قاراڭغۇلاشقاندەك كۆرۈنۈپتۇ ئۆزىنى ئىس-تۈتەك ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىپتۇ ۋە ئېسىنى يىغىپ:

— ئېھ مۇبارەك شاھى ئالەم ئەمرلىرىنى بېشىم بىلەن ئورۇنداپ ئۆزلىرىنى مەمنۇن قىلغايمەن، ئىجازەت بولسا ئۆزلىرىدىن مۆھلەت سورايمەن؟ — دەپتۇ.

— خەير، 40 كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھ ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپتۇ. ھەرقايسى ئەمەلدارلار ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بوپتۇ. بىچارە ۋەزىرنىڭ كۆزىدىن نەم، بېشىدىن غەم، كەتمەپتۇ. شىكاردىن كېلىپلا ئاراممۇ ئالماي، غىزامۇ يېمەي بار كىتابلارنى جەملەپ كۆرۈشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ. قاغا تىلىغا ئائىت بىرەر كىتاب چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دەپ ئۈمىد قىلىپتۇ، بەختىگە قارشى ئۇ ھەقتە بىر جۈملە سۆزمۇ تاپالماپتۇ. مۆھلەت ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى بىچارە ۋەزىرنىڭ ھەرىكىتى جىددىيلىشىپ، روھىي تېخىمۇ چۈشۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ۋەزىر كۈندىن-كۈنگە ياداپ، بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قاپتۇ. خوتۇن-باللىرى تاماق ئېلىپ كىرسە يېمىگەنىنىڭ ئۈستىگە چېچىلىپتۇ، ئۇلار ئەھۋالنى سوراشقا تېخىمۇ پېتىنالماپتۇ. خوتۇنى بىلەن ئامراق قىزى ۋەزىردىنمۇ بەكرەك پەرىشان بولۇپتۇ.

ۋەزىر ئاق كۆڭۈل، پۇقراپەرۋەر ئادەم بولغاچقا، پۇقرالار ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن. ۋەزىرنىڭ پەرىشانلىقىنى ئاڭلىغان خەلقلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئامان-ئېسەنلىك تىلىشىپتۇ. ۋەزىر بولسا ھاياتىدىنمۇ ئۈمىد ئۈزۈش دەرىجىسىگە يېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھتىن ئاڭلايلى:

مەھمۇد شاھنىڭ دۇنيالىقتا بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار ئىكەن بۇ پەرزەنتلەر ئەقىل-ئىدراك، ئىلىم-مەرىپەت، ھۈنەر-سەنئەت، لەشكىرى ئىلىمدە ۋە ئەدەپ-ئەخلاق جەھەتلەردە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، مۇنداق ئوغۇل-قىزلار كەم تېپىلىدىكەن. ئوغۇلنىڭ ئىسمى شاھزادە قەيسەر بولۇپ، شجائەتلىك، باتۇر ئىكەن. نى-نى پالۋانلار ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن. بىراق ئۆزىنىڭ بۇ ئۇستۇنلۇكىگە قىلچىمۇ تەمەننا قىلمايدىكەن. ھەمىشە خەلقنىڭ ئامانلىقىنى ۋە پاراغىتىنى ئويلايدىكەن. مەھمۇد شاھ ئوغلىدىن مەمنۇن ۋە رازى ئىكەن. چۈنكى ئوغلى دادىسىنىڭ ئەمرىنى جان-دىل بىلەن ئىجرا قىلىدىكەن. چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىپ ھەممە ئادەمنىڭ ھال-ئەرزىنى ئاڭلاپ، قۇدرىتى يەتكەنلىرىنى ھەل قىلىپ زۆرۈرلىرىنى پادىشاھقا يەتكۈزىدىكەن.



2017.4

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



شاھنىڭ قىزى گۈزەل ۋە چىۋەر، كۆڭلى يۇمشاق، ئەقىللىق قىز بولۇپ شۇ ئىقلىمنىڭ قىزلىرىغا نەمۇنە ئىكەن، بارلىق ئالىي خىسلەتلەر بۇ قىزدىن تېپىلىدىكەن. ئۇ مەكتەپلەردە ئۇستازلىرى ئالدىدا ئىناۋەتلىك، ساۋاقداشلىرى ئالدىدا دانا ئىكەن. ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنىڭ شانۇشۆۋكىتىگە ھەرگىزمۇ تەمەننا قىلمايدىكەن. كىبىردىن ھەسەتتىن ۋە باشقا ناچار ئەخلاقلاردىن خالىي ئىكەن. قىزنىڭ قەلبى مەرىپەت گۈللىرىدىن نۇرلانغاچ، تۈرلۈك پەنلەردە يېتۈك ئالىم بولۇپلا قالماي يەنە ئۇستا مەرگەن ئىكەن. ئۇ ئوقياسى بىلەن مۇئەللەقتىكى ئۇچار قۇشلارنى ئېتىپ چۈشۈرەلەيدىكەن. قىلىچ بىلەن دەل-دەرەخلەرنى ئۆزەلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۆزۈن قارا چاچلىرى تۈن قاراڭغۇسىنى ئەسلەتسە، يۈزى تولۇنئاينى ئەسلىتىدىكەن. قىيغان قەلەمگە ئوخشاش قاشلىرى ئاستىدا خوتەن ئاھۇلىرىنىڭكىدەك مېھىر-شەپقەتلىك كۆزلىرى بەرق ئۇرۇپ تۇرىدىكەن، بۇ كۆزلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن قاراۋۇل كەبى كىرپىكلەر بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم بۇ گۆزەل چىرايغا نەزەر قىلسا ھەر بىر تال كىرپىك ئوقيا بولۇپ ئېتىلىپ چىقىپ يۈرەككە سانجىلىدىكەن-دە، ئىشق بالاسىغا مۇپتىلا قىلىدىكەن. ئوڭ مەڭزىدىكى بىر دانە قارا خال جامالىغا ھۆسن بېغىشلاپ تۇرىدىكەن. لاتاپەت بىلەن مىڭىشى تاۋۇسلارنىمۇ خىجىل قىلىدىكەن. بۇ قىزنىڭ ئىسمى نۇرجامال ئىكەن. ۋەزىرنىڭ بىر قىزى بولۇپ ھۆسن جامالدا نۇرجامالغا تەڭ كېلىدىكەن، ئۇلار بىللە ئويناپ بىللە ئۆتىدىكەن.

ۋەزىرنىڭ مۆھلەت ۋاقتىغا بىر كۈنلا قاپتۇ. ئىشنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكەنلىكىنى بىلگەن قىز ئانىسى قېشىغا كىرىپتۇ ۋە:

— ئانا، بۈگۈن 40 كۈنگە يېقىنلاشتى. بىچارە دادام تېنىم تاپماي كىتاب ۋاراقلايدۇ. ھەربكتى گويا ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ. دادامدا ئەزەلدىن مۇنداق ھالەت ۋە ئادەت كۆرۈلمىگەنىدى. ئەمدى بىر ئامال قىلمىساق بولمىدى، تاقەتنىڭ چېكى پۈتتى، سەۋەبىنى بىلمىسەك بولماس، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

— جېنىم بالام، مېنىڭ قايغۇلىرىم داداڭنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشەي دەپ قالدى. بۈگۈن ھەرنە قىلىپ ئىشنىڭ تېگى تەكتىنى بىلەيلى، بولمىسا پۈتۈن ئائىلىمىز ئۆز يۈلەنچۈكىدىن ئايرىلىدۇ، — دەپ ياش تۆكۈپتۇ ئانا. ئاتا-بالا ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. قىزى شۇنداق دەپتۇ:

— مېھرىبان دادا، سىلى بىزدىن خۇپپىيانە تۇتۇپ كەلدىلە، پەرىشان ھالەتلىرىدىن بىلىپ تۇرۇپتىمىز، روھىي ئالەملىرىگە ئېغىر كۈلپەت بۆسۈپ كىرىپ ۋۇجۇدلىرىنى ئىنتايىن بىئارام قىلىۋاتىدۇ. ئۆزلىرى ئىشەنمەيلا، مانا ھازىر ۋۇجۇدلىرى، زەئىپلىشىپ، بىر تېرەك-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدىلا. شۇنچە كۈنلەردىن بېرى كەمىنە قىزلىرى ۋە بىچارە ئانام مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ، سىلىنىڭ دەرلىرىدە كۆيدۇق، ئەگەر بىزگە مېھىر-شەپقەتلىرى تۆگەپ كەتمىگەن بولسا، بىزنى ئاۋايلاش، ئۆزلىرىنى ئاسراش يۈزىسىدىن ئىشنىڭ سىرىنى بىزگە مەلۇم قىلغايلا، مەن سىرنى بىلمىسەم قاشلىرىدىن يانماسمەن. مەن گەرچە قىز بولسامۇ، باشلىرىغا كۈن چۈشكەندە، دەردلىرىگە دەرمان، ۋۇجۇدلىرىغا قالقان بولالمىسام پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى قانداق ئادا قىلىمەن؟! بىز ئۆزلىرىنىڭ بىر ئېغىز سۆزلىرىگە تەقەززامىز.

ۋەزىر قىزىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپتۇ ۋە بولغان ئىشنى ئۆز ئەينى دەپتۇ-دە، يىغلاپ كېتىپتۇ. قىز ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئۇستىگە تاشلاپتۇ. كېيىن ئېسىنى يىغىپ دەپتۇ:

— مېھرىبان دادا، ئەھۋالدىن بىزنى بۇرۇنراق ۋاقىپلاندۇرغان بولسىلا مۇنچىلىك مۇشكۈلچىلىك بولماس ئىدى. بىزمۇ بولغاندىن كېيىن ئامال ئىزدەپ كۆرەر ئىدۇق. دەردلىرىنىڭ دەرمانى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس ئىدى. ھېلى ھەم ئىزدىنىپ كۆرەيلى، — دەپتۇ.

شۇ ئەسنادا بىر كىم ئىشىك قېقىپتۇ. قىز نۇرجامالنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ دادىسى بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۇلار كۈندە مەكتەپكە بىللە بارىدىكەن. نۇرجامال دوستىنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىقنى كۆرۈپ:

— جېنىم دوستۇم، چىرايىڭدىن پەرىشانلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆيدە بىرەر ھادىسە بولدىمۇ-نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىرەر ئەھۋال يۈز بەرمىدى. ئۆزۈمنىڭ بىر ئاز تاۋۇم يوق؟ — دەپتۇ قىز.

— مەندىن ھېچنېمىنى يوشۇرمايتتىڭ، بۈگۈن نېمە ئۈچۈن مەندىن سىر تۇتىسەن؟ ئەگەر مېنى ھەقىقىي دوستۇڭ دېسەڭ ئۆز پەرىشانلىقىڭغا مېنى شېرىك قىلىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ نۇرجامال، ۋەزىرنىڭ قىزى ئاخىرى

ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىپتۇ.

— شۇنچىلىك ئىش ئۈچۈن مۇنچىۋالا مۇشكۇلچىلىك تارتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. سەن ۋەزىر ئەزەمگە دېگىن، پادىشاھقا، قاغا «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېدى دېسۇن يەنە سەۋەبىنى سورىسا: «ئەر كىشىنىڭ خاتىرجەملىكى، ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جارى بولۇشى، ئەل يۇرت ئالدىدا ئىززەت، ئىناۋەتلىك، بەختى-ئىقباللىق بولۇشى شۇ ئەرنىڭ خوتۇنىنىڭ ھوشيار، پەم-پاراسەتلىك، ئىنساب-دىيانەتلىك بولۇشى بىلەن زور ئالاقىدار بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرسۇن. «بۇ جاۋابنى نەدىن تاپتىڭ؟» دەپ سورىسا، تارتىنماي: «جانابلىرىنىڭ قىزى مەلىكە نۇرجامال ئېيتىپ بەردى» دەپ راستىنى دېسۇن، — دەپتۇ نۇرجامال.

ۋەزىرنىڭ قىزى دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ مەلىكىنىڭ پىكرىنى بىرمۇبىر يەتكۈزۈپتۇ. ۋەزىر نۇرجامالنىڭ جاۋابىغا ئانچە ئىرەن قىلماي ئۈزلۈكسىز كىتاب كۆرۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن ۋەزىرنىڭ ئۆيى گويا مۇسىبەت تۈسىنى ئاپتۇ. پۈتۈن ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ئۆكسۈپ يىغلاپ، ئامانلىق تىلەپتۇ. ۋەزىر يىغا-زارە ئىچىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ئۆزىنىڭ شاھ ئالدىغا قايسى تەرىزدە كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، مۆھلەت توشتى، — دەپتۇ پادىشاھ.

ۋەزىر ئۆزىنى ئاران-ئاران تۇتۇۋېلىپ، پادىشاھقا قاراپتۇ ۋە لايىق جاۋاب تاپالمىغانلىقىنى ئېيتماقچى بولۇپتۇ. لېكىن جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە نۇرجامالنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، شۇ بويىچە جاۋاب بېرىپتۇ.

— بۇ جاۋابنى نەدىن تاپتىڭ، كىم ئېيتىپ بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ، ۋەزىر راستىنى دەپتۇ. شاھ بىر مەھەل ئويلىنىپتۇ. ئاندىن:

— كەچۈردۈم، ئەقىدە-ئىخلاسىڭنى كۈچەيتىپ ھوشيارلىق بىلەن خىزمىتىڭگە مەشغۇل بول، — دەپتۇ.

ۋەزىر شاھ ئالدىدىن جېنىنى خۇددى قولىدا تۇتۇپ چىققاندەك قايتىپ چىقىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئۆيى خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ.

پادىشاھ قىزىنىڭ سۆزىنى قايتا-قايتا ئويلاپتۇ. ئويلىغانسېرى غەزىپى تېشىپ «ئايالار ھەممىگە قادىر ئىمىش، ئەگەر ئايالار بولمىسا ئەرلەر ھېچنېمىگە يارىماسمىش. خوش، مەن سېنىڭ لەۋزىڭگە يارىشا ئۆزۈڭنى شۇنداق بىر تەقدىرگە گىرىپتار قىلايكى، نادانلارچە سۆزۈڭگە مىڭلارچە پۇشايمان قىلغىن، ئۆمۈر بويى خارۇزار بولغىن، سەن شۇنداق ئەرگە خوتۇن بولكى، قېنى ئۆز كارامىتىڭنى ئۆزۈڭ تاماشا قىل!» دەپ ئويلاپتۇ. پادىشاھ ئوردا ئەھلىگە ئەمر قىلىپتۇ:

بىزگە تەئەللۇق يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاپ بىرمۇبىر ئىزدەڭلار، قانداقكى جايدا مېيىپ ئادەم يولۇقسا ئۇنى دەرھال بۇ جايغا ئەكېلىڭلار، ئۇلارنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىققايمەن!

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە پۈتۈن مەملىكەت بىر-بىرلەپ ئاختۇرۇلۇپتۇ. مېيىپلەرنىڭ ھەممىسى بىر مەيدانغا جەم قىلىنىپتۇ. ھەش-پەش دېگۈچە بۇ مەيدان گاسلار، گاچىلار، دۆتلەر، لەقۋالار، ئاقساقلار، تەلۋىلەر، غالجىرلار، چاپاقلار، پوقاقلار، چولاقلار، توكۇرلار بىلەن تولۇپتۇ. ئەپسۇس، بۇ مېيىپلەر پادىشاھقا يارىماپتۇ. پادىشاھ غەزەپ بىلەن تېخىمۇ قاتتىق پەرمان بېرىپتۇ:

— يىراق-يېقىن، بۇلۇڭ-پۇچقاقلارنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈلسۇن!

بۇ شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر چۆلنىڭ چېتىدە قۇمۇش كەپىدە بىر تۇل خوتۇن ياشايدىكەن. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ ئىسمى قاسىم ئىكەن، ئانىسى ھەنىپخان ئوتۇن سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن، قاسىمنىڭ پۇتى باسماس، قولى تۇتماس، بېشى تاز، تىلى كېكەچ، قۇلىقى گاس ئىكەن، ھەنىپخان بىر تەرەپتىن، يېمەك-ئىچمەكلەرنىڭ غېمىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوغلىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىكەن. قاسىمنىڭ چوڭ كىچىك تەرىتىنى ئۆزى تۆكىدىكەن. غىزانى يۇمشىتىپ يېگۈزىدىكەن. ئانا بۇ ئېغىر قىسمەتتىن قەددى ئېگىلىپ كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىپتۇ. قاسىم بولسا بۇ ئېغىر تۇرمۇشقا كۆنۈپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى چارلاپ بۇ كەپىگە كەپتۇ. قارىسا بۇ تۇل خوتۇن كېسەل بالىسىنى بېقىپ ئولتۇرغۇدەك. ياساۋۇللار بۇ ھالنى كۆرۈپ كۈلۈشۈپ، شاھقا يارايدىغىنىنى ئەمدى تاپتۇق. دەپ ئويلاپ ئانا بالىنى ئاتقا مىندۈرۈپ يولغا راۋان بولۇشۇپتۇ. ئۇلار مېيىپلەر مەيدانغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن پادىشاھ قاسىمنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئۇنىڭ ئەزايى بەدەنلىرىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپتۇ. ئانىنىڭ ئوغلى

توفرىلىق دېگەن بارلىق گەپلىرىنى ئاڭلاپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا پادىشاھ قاسىمنى كۈيئوغۇللۇققا تاللاپتۇ-دە، ۋەزىرنى چاقىرىپ جىددىي بۇيرۇپتۇ.

— ئاددىي توي رەسمىيىتى ئۆتكۈزۈڭلار، نۇرجامالنى مۇشۇ مېيپىقا نىكاھ قىلدۇرۇڭلار، ئاندىن بۇ ئىككىسىگە قوشۇپ دەرھال ئۇزىتىڭلار.

مەلىكە نۇرجامال دادىسىنىڭ ئۆزى ئۈستىدە نېمە خىياللاردا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ قېيىنئانا بىلەن يىگىتكە سوۋغاتلارنى ھازىرلاپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپتۇ. ۋە ھەرگىز غەم قىلماسلىقىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ، ئاندىن دادىسى مەھمۇد شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ ئەدەپ بىلەن سۆز باشلاپتۇ:

— ئەسسالام مېھرىبانىم دادا، مەن بولسام بىر ئاجىز قىز، ئۆزلىرىنىڭ جىگەر پارىسىدۇرمەن. مېنى ئۆزلىرى چوڭ ئارزۇ بىلەن پەرۋىش قىلدىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئەجرى بىلەن دىلىمنى تەۋپىق ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرلىرى يورۇتتى، سىلىگە رەھمەت ئوقۇيمەن. ئۆزلىرىگە چەكسىز رازىلىق بىلدۈرىمەن. مەن كىچىكىمدىن تارتىپ بەزى قىزلاردەك ئەرلەرنىڭ قان تەرى بەدىلىگە كەلگەن نېمەتلەرگە ھەييارلارچە ئىگە بولۇپ ھايات كەچۈرۈشنى خالىمايتتىم. ئوقۇغان ئىلمىمنى ئەل-ۋەتەن يولىغا سەرپ ئەتسەم دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. بۈگۈن ئارزۇيۇمنىڭ تۇنجى قەدىمى باشلاندى. بۇنى بىر پۇرسەت دەپ بىلىمەن. جېنىم دادا، مەندىن خاتىرجەم بولغايلا، مەن ئارزۇ-ئارمانلىرىم يولىدا ھارمايمەن، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىمەن. جېنىم دادا، ئۆزلىرىگە بىئەدەپلىك قىلىپ كۆڭۈللىرىنى رەنجىتتىم، بۇ گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلىپ كەمىنە قىزلىرىدىن رازى بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپ سۆزنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

مەھمۇد شاھ قىزىنىڭ سۆزلىرىدىن كۆپ تەسىرلىنىپتۇ. لېكىن ھۆكۈمدىن يانماي دېسە، شاھلىق غۇرۇرى يول قويماپتۇ.

— سالامەت بول قىزىم، — دەپ ئۇزىتىپتۇ شاھ.

مەلىكە نۇرجامال دادىسى بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىقىپتۇ ۋە قاسىمنى زەمبىلگە جايلاشتۇرۇپ زەمبىلنىڭ بىر بېشىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ يىگىتنىڭ كەپىسىگە راۋان بولۇپتۇ. ئۇلار ئۈچىنچى كۈنى كەچتە چۆلدىكى كەپىگە يېتىپ كەپتۇ. زەمبىلنى ئاۋايلاپ يەردە قويۇپ، يىگىتنى ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

— مەرھەمەتلىك ئانا، مەن گەرچە شاھ قىزى بولسامۇ، ھەشەمەتلىك ئوردىدا راھەت پاراغەتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسامۇ، دادامنىڭ تاللىشى بىلەن ھازىردىن باشلاپ ئۆزۈمنى ئۆزلىرىنىڭ كېلىنى، ئوغۇللىرىنىڭ ۋاپادار ئايالى دەپ بىلىمەن، بۇ چاققىچە تۇرمۇشنىڭ پۈتكۈل ئېغىرچىلىقلىرىنى ئۆزلىرى يالغۇز تارتىپ، تۇرمۇش ئازابىدا ۋۇجۇدلىرى زەئىپلىشىپتۇ. شۇنچىۋالا قىينالغانلىرى يېتەر، ئەمدى ئوغۇللىرى خوتۇنلۇق، ئۆزلىرى كېلىنلىك بولدىلا، كېلىن دېگەن قېيىنئانىغا قول-قانات بولۇشى كېرەك. ھازىردىن ئېتىبارەن تۇرمۇشتىكى تامامى ئىشلارنى باشتىن-ئاياغ ئۆزۈم قىلىمەن. ئۆزلىرى ئارام ئېلىپ ياتقايلا، ئۆزلىرىدىن ئىلتىجايىم شۇكى، مەن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى توسمىغايلا، — دەپتۇ مەلىكە.

ھېپىخان قۇلىقىغا ئىشەنمەي قاپتۇ. قۇلاقتىن كىرگەن شېرىن سۆز يۈرەككە تەسىر قىلغاندەك، ھېپىخاننىڭ يۈزىگە قىزىل قان يۈگۈرۈپتۇ. كۆزلىرىدىن بەخت-ياشلىرى تۆكۈلۈپتۇ.

— جېنىم خېنىم، ھۆرمەتلىك مەلىكەم بالام، ئۆزلىرىنىڭ شېرىن سۆزلىرى تېنىمگە ئارام بېغىشلىدى. يۈرىكىمنى ياشارتتى. ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇنداق بولسۇن، شۇغىنىسى بۇ ئوغلۇمنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر، تەرەتكە تۇرالمايدۇ. بۇنداق ئىش ئۆزلىرىگە ھەرگىز خوپ كەلمەيدۇ. بۇ ئىشنى ئۆزۈم قىلاي، — دەپتۇ ھېپىخان.

— كېلىن يوق چاغدا ئۆزلىرى قىلدىلا، ئەمدى كېلىن كەلدى. مەجبۇرىيەت مېنىڭ زىممەمگە يۆتكىلىشى لازىم. بۇ مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، — دەپتۇ قىز.

مەلىكە نۇرجامال ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، چاچلىرىنى بېشىغا تېڭىپ ، پەشنى قىستۇرۇپ، قاسىمنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ياخالغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، كەپە ئىچىدىكى ئەسكى كىگىز، ئەسكى يوتقان، قازان-داڭقان، ئاياغ-قومۇچلارنى سىرتقا ئەپچىقىپتۇ. كەپىنىڭ بوران ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تۆشۈكلىرىنى ھېملاپتۇ. تامنىڭ سىڭايانلىرىنى رۇسلاپتۇ، چاشقانلارنى قوغلاپتۇ، كەپىنىڭ بىر تەرىپىگە سۇپا، بىر تەرىپىگە ئوچاق ساپتۇ، قازاننى كۆيدۈرۈپ تازىلاپتۇ، سۇ ئىسسىتىپ قاچىلارنى پاكىز يۇيۇپتۇ. تامتۇرۇس ھويلا-ئارانلارنى سۈپۈرۈپتۇ. ئىسسىق سۇ بىلەن

قېيىنئانىسىنى يۇيۇندۇرۇپ كىگىزدەك چاچلىرىنى تاراپتۇ. ئاخىرىدا ئاق كۆڭلەك، ئاق ئىشتان، ئاق ياغلىق، تاۋار چاپان مەسە قاتارلىقلارنى كىيدۇرۇپتۇ. ھېنىپخان ئۆزىنى خۇددى ياش چوكاندەك ھېس قىلىپ، ئىككى يانغا قاراپ قويۇپ، تېتىكلىشىپ ئۇيان-بۇيان دىلىڭ-دىلىڭ مېڭىپ بېقىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى رەت پاكىز بولۇپ يېڭى كىيىم كىيىشى بولغاچقا، ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنمەي قاپتۇ. ھېنىپخان بۇ كېچە ئۆز ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئەڭ ھۇزۇرلىنىپ ئارام ئاپتۇ.

نۇرجامال سەھەر تۇرۇپ قېيىنئانىسىغا بىر تىللا پۇل تەڭلەپ:

— جېنىم ئانا، مالال كەلمىسە شەھەرگە بېرىپ بۇ پۇلغا يېمەك-ئىچمەك ئېلىپ كەلسىلە، سىلى كەلگۈچە مەن چالا ئىشلارنى قىلغاچ تۇراي، — دەپتۇ.

— ھۆرمەتلىك مەلىكەم بالام، بۇ ئىشنى خۇشاللىق بىلەن ئورۇندايمەن، — دەپ راۋان بوپتۇ ئانا.

ئانا بازارغا كېتىۋېتىپ بۇرۇنقى كەچۈرمىشلىرىنى ئويلاپتۇ، يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى ھېنىپخان، بارات ئاخۇن ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلىپ مەزكۇر بالىسى قاسىمنى تۇغقان ئىكەن، بالا تۇغۇلۇپ ئۇلارنىڭ ھاياتىغا يېڭى خۇشاللىق قوشۇلۇپتۇ، ئەمما بايلار ئۇلارنى زىيادە بوزەك ئەتكەچكە يۇرتىنى تاشلاپ، چۆل بولسىمۇ خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن بۇ دەرگاھقا كېلىپ ماكانلىشىپ قاپتۇ. ئېغىر چىلىق دەردىدىن بارات ئاخۇنغا سىل كېسەل يامىشىپتۇ. بۇ كېسەل ئاخىرى ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ بىتەلەيلەر ئېچىنىشلىق ھالدا ھايات كەچۈرۈپتۇ. بۇ سەرگۈزەشتىلەر ھېنىپخاننىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەنسېرى ئىختىيارسىز يىغلاپ ساپتۇ. بىردىن ۋاپالىق كېلىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىپتۇ.

نۇرجامال بۇ چاغدا بۇ خالىي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قاسىمنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ پاخال ئۈستىگە ئاپتۇ-دە، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپتۇ، بەدەنلىرىنى سوپۇنلاپ قايتا-قايتا يۇيۇپتۇ، تىرناقلىرىنى ئېلىپ، چاچلىرىنى قىرقىپتۇ. تاز يارىلىرىنى پاكىز تازىلاپ دورا سۈركەپتۇ. يېڭىدىن كىيىم-كېچەك كىيگۈزۈپتۇ. سۇپا ئۈستىگە يۇمشاق پاخال سېلىپ ياتقۇزۇپ. قالغان چالا ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئۆيدە قالغان بار-يوقى بىر ئاشلىق ئارپا ئۇنىدا چامغۇر توغراپ سۇيۇق ئاش ئېتىپتۇ. بۇ ئاش شۇنداق لەززەتلىك ئاش بولۇپتۇكى قاسىمنىڭ مۇنداق مەززىلىك ئاشنى تۇنجى قېتىم ئىچىشى ئىكەن. كەچتە ھېنىپخان ئانا بازاردىن قايتىپ كەپتۇ.

— سالام، ھارمىغايلا قەدىرلىك ئانا، — دەپتۇ كېلىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى قولىدىن ئېلىپ.

نۇرجامال قېيىنئانىسىنىڭ پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ قويۇپتۇ. ھېنىپخان كېلىپ قارىسا كەپىنىڭ ئىچى پاكىز، ئوغلى يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ كۈلۈمسىرەپ ياتقۇدەك.

مەلىكە غىزا ئېتىشكە تۇتۇشۇپتۇ. ئىپارھىدلىق پولۇ پىشىپ داستىخانغا كەلتۈرۈپتۇ. قېيىنئانا تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، ئۇنىڭ لەززىتىدىن ھەيران-ھەس قاپتۇ ۋە كۆڭلىدە: بۇ قىز شۇنچىۋالا گۈزەل ۋە چىرايلىق بولۇشتىن تاشقىرى، ئەتكەن غىزاسىمۇ نېمە دېگەن مەززىلىك، بۇ مەلىكەمگە نۇسرەت بەرگەيسەن ۋە مەقسىتىگە يەتكۈزگەيسەن، دەپتۇ. نۇرجامال قاسىمنىڭ تامىقىنى يېگۈزۈپتۇ.

مەلىكە نۇرجامال قاسىمنى ساقايتىش ھەققىدە كۆپ ئويلىنىپتۇ ۋە كۆپ داۋالاپتۇ. بىر مەزگىل تاماقلارنى ئۆزى يېگۈزۈپ قويۇپتۇ. كېيىن يىگىتنى يېنىچە ياتقۇزۇپ، تاماقنى ئۇنىڭغا يېقىن جايغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. ئاشنىڭ ھىدى قاسىمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاپ «بىر قوشۇق يېگۈزۈپ قويسىلا» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. كېلىن ياكى ئانا پەرۋا قىلماپتۇ. ئاخىرى ئىشتىھا قاسىمنىڭ قولىنى مىدىرلىتىشقا مەجبۇرلاپتۇ. ناھايىتى تەسلىكتە قوشۇقنى تۇتۇپ بىر قانچە قېتىم تەڭلەپ ئاران ئاغزىغا ساپتۇ. يەنە بىر قوشۇق ئاشمۇ شۇنداق تەسلىكتە قولغا كەپتۇ. لېكىن بۇ ئىش تەكرارلىنىۋېرىپ، بارا-بارا قولى بىر ئاز كۆنۈپ قاپتۇ. نۇرجامال ئەمدى غىزانى قاسىمنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قويۇپ قويۇپتۇ. قاسىمغا پۇتىنىڭ ئۇچىدا تۇرغان ئاشنى يېيىش ئۈچۈن باشنى كۆتۈرۈپ، بەلنى ئېگىپ قولىنى ئۇزىتىشقا توغرا كەپتۇ. ئۇ ئىككى قولىنى تىرەپ، كۆكرىكىنى كۆتۈرۈشكە ئىنتىلىپتۇيۇ، بىراق مادارى يەتمەپتۇ. قايتا-قايتا ئورۇنغاندىن كېيىن ملىڭ مۇشەققەتتە ئولتۇرالايدىغان ھالەتتە كەپتۇ. بۇ ئۇسۇل تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن بەلنىڭ يۇقىرىقى قىسمى ھەرىكەتلىنىپتۇ. ئەمدى نۇرجامال غىزانى قاسىمنىڭ بىر غۇلاچ نېرىغا قويىدىغان بوپتۇ. قاسىم تاماققا قاراپ ئۆمىلەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بوپتۇ... بۇ ھەرىكەتلەر بىر مەزگىل تەكرارلىنىپ قاسىمنىڭ تېنىدە كۈچ قۇۋۋەت پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ. قاسىم ساقىيىشقا باشلىغاندىن كېيىن نۇرجامال ئانىسىغا:

— جېنىم ئانا، بۈگۈن شەھەرگە بارغاندا يىپەك يىپ، ئەن رەخت ئالغاچ كەلسىلە، ئەمدى كەشتىچىلىك قىلىپ كۆرەي، بەلكى ئۇنىڭ پۇلى بىلەن خىراجەتتىن قىسىلماسمىز، — دەپتۇ. ئانا بەكمۇ خۇشال بولغان ھالدا بازارغا بېرىپ دېگەن لازىملىقلارنى ئېلىپ كەپتۇ. نۇرجامال بىر ھەپتە ئىچىدە پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن تۈرلۈك-تۈرلۈك نۇسخىلاردا كەشتە تەييارلاپ ئانىسىغا بېرىپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. كېلىن بىر كۈنى قاسىمغا:

— ئانىمىز كۆپ جاپا تارتتى، ئەمدى سىز ساقايدىڭىز سودا ئىشلىرىنى ئانىمىزنىڭ قولىدىن ئېلىڭ، ئۇنى ئېغىر-يېنىك ئىشلارغا سالمايلى، — دەپتۇ. بۇ سۆزدىن قاسىم بەك خۇرسەن بوپتۇ ۋە مەلىكىگە رەھمەتلەر ئېيتىپ:

— مېنىڭ يىرگىنىشلىك بەدبۇي ھالىم سىز ئۈچۈن يىرگىنىشلىك تۇيۇلمىدى. ئاۋادا شەپقىتىڭىزگە مۇيەسسەر بولالمىغان بولسام بۇ دۇنيادىن ئاللىقاچان ئايرىلغان بولاتتىم، — دەپتۇ.

— مېنى كۆپ ماختاشنىڭ ھاجىتى يوق، ئالدىمىزدا تېخى يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار، ئەتىدىن باشلاپ تىجارەتنى ئۆز قولىڭىزغا ئېلىڭ، — دەپتۇ نۇرجامال.

ئەتىسىدىن باشلاپ كەشتىلەرنى قاسىم سېتىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى قاسىم بازاردىن ياناشىدا بىر توپ ئادەم لايغا پېتىپ قالغان تۆگە بىلەن ھەپىلىشىۋاتقۇدەك. قاسىم دەرھال ياردەمگە بېرىپتۇ. ئۇ بىر دانە تاختاي تېپىپ كېلىپ ئۇنى لاي ئۈستىگە قويۇپ دەسسەپ تۇرۇپ تۆگىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تارتىپ لايدىن چىقىرىپتۇ. تۆگىچىلەر ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. كارۋان بېشى:

— رەھمەت غوجام، تۆگىمىزنى ئۆلۈمدىن، بىزنى غەمدىن قۇتقۇزدىلا، بىز سىلىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمىز. ئەگەر مالال كۆرمىسىلە بىز بىلەن سەپەر قىلسىلا، يولدىكى خەج-خىراجەتلىرىنى بىز كۆتۈرىمىز ئادەم ياش ۋاقتىدا يىراق-يېقىننى كۆرۈپ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۆگەنگىنى تۈزۈك، — دەپتۇ. قاسىم ئۇلارغا ئائىلىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاب بەرمەكچى بوپتۇ. مەلىكە ئاڭلاپ:

— ئىنتايىن ياخشى ئىش بوپتۇ. سەپەردە مېڭە ئېچىلىدۇ، ساغلاملىق ئاشىدۇ. سەپەردە ھوشيار بولغايسىز، — دەپ يىگىتنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپتۇ.

يىگىت مەلىكىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى قەلبىگە پۈكۈپ كارۋانلارغا قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار بىلەن بىر تۇغقاندەك چىقىشىپ كېتىپتۇ. كارۋان قىرىق كۈندىن كېيىن بىر جەزىرىگە يېتىپ كەپتۇ. سۇ تۈگەپتۇ كارۋانلار ھالىدىن كېتىشكە باشلاپتۇ. ئۇلارسۇ ئىزدەپ ھەريان چېپىپ ئاخىرى بىر قۇدۇق تېپىپتۇ.

كارۋان بېشى:

— ئارغامچا بىلەن بىر ئادەمنى قۇدۇققا چۈشۈرەيلى، سۇ ئەپچىقايلى! — دەپتۇ-دە، بىر ئادەمنى قۇدۇققا چۈشۈرۈپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن ئارغامچىنى تارتىپتۇ، قارىسا ھېلىقى ئادەمنىڭ باشسىز جەستى چىقىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كارۋانلار قورقۇشۇپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. شۇ چاغدا قاسىم مەلىكىنىڭ ئۆز قۇلىقىغا دېگەن گەپلىرىنى ئەسلەپتۇ-دە، كارۋان بېشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ماڭا رۇخسەت بەرسىلە، قۇدۇققا چۈشۈپ سۇ ئېلىپ چىقسام، — دەپتۇ، كارۋان بېشى ئۇنىڭغا كۆزى قىيماي قوشۇلماپتۇ.

— ھېكىم ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيدۇ. زورلاپ چۈشۈرسەك ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا مېنىڭ چۈشكىنىم ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر، — دەپتۇ قاسىم.

كارۋان بېشى ئامالسىز قاسىمغا رۇخسەت بېرىپتۇ. قاسىم قۇدۇققا چۈشۈپتۇ. قۇدۇقنىڭ ئىچىگە سەپ سېلىپ قاراپ يورۇق بىر جاينى كۆرۈپتۇ ئۇ يەرگە بېرىپ قارىسا بىر چاھارباغ، باغ ئىچىدە ئىككى تەخت تۇرغۇدەك، بۇ ئىككى تەختتە ھەيۋەتلىك دىۋە پادىشاھلىرى ئولتۇرغۇدەك قاسىم تەخت ئالدىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپتۇ:

— سالام پادىشاھى ئالەم.

— نېمە ئادەمسەن، نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپتۇ دىۋىلەر.

— مەن بىر تۆگىچى كارۋان، ئۇسسۇزلۇق دەردىدىن ھالىمىز خاراب بولۇپ جانابى ئالىيلىرىدىن سۇ

MIRAS

سوراپ كەلدىم، ــــ دەپتۇ قاسىم.

دىۋە پادىشاھلىرى:

ــــ كەلگىننىڭ ياخشى بوپتۇ. سەندىن سوئال سورايـ مىز. توغرا جاۋاب بېرەلىسەڭ ھەممە تىلىكىڭ ھەل بولـ دۇ. توغرا جاۋاب بېرەلمىسەڭ كاللاڭ كېتىدۇ! ــــ دەپتۇ. قاسىم:

ــــ ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي، سوئاللىرىنى قويغايلا، ــــ دەپتۇ، دىۋە شاھىدىن بىرسى مۇنداق دەپتۇ:

ــــ مېنىڭ خوتۇنۇم مانا ماۋۇ گۈزەل مەلىكە، بۇ دوستۇمنىڭ خوتۇنى بولسا پاقا، مەن خوتۇنۇمنى چىرايـ لىق دېسەم، بۇ بۇرادەر «مېنىڭ خوتۇنۇم چىرايلىق» دەيدۇ. ھەر ئىككىمىز ئۆز گېپىمىزدە چىڭ تۇرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ سوئالنى ئادەمزاتتىن سوراپ قاناـ ئەتلىنىش قارارىغا كەلگەنتۇق. بۈگۈن ياخشى ۋاقتىدا كەپسەن. سوئالىمىزغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بەرگىن. زادى مېنىڭ خوتۇنۇم چىرايلىقمۇ ياكى بۇرادىرىمنىڭمۇ؟

قاسىم دىۋىنىڭ سوئالىغا نۇرجامالنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە جاۋاب بېرىپتۇ:

ــــ بېشىڭنى كىم سىيلىسا ماشايىقىڭ شۇ، يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا چىرايلىقىڭ شۇ. ھەر قايسىڭلار ئۈچۈن ئۆز مەـ شۇقىڭلار چىرايلىق. چۈنكى سىلەر بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈپ، ئوت ـ پىراقىڭلاردا كۆيۈشكەن.

دىۋىلەر جاۋابتىن سۆيۈنۈشۈپ:

ــــ باركاللا يىگىت، جاۋابىڭدىن قانائەتلەندۇق. ئەمدى مەقسىتىڭگە يەتكۈزىمىز. نۇرغۇن ئادەمزاتلار مەـ لىكىنى چىرايلىق، پاقىنى سەت، دەپ جاۋاب بېرىپ جېنىـ دىن ئايرىلدى. ئەنە ئاۋۇ دۆڭلۈكلەر ئادەم كاللىسىدىن پەيدا بولغان. سەن يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنى قۇتقازدىڭ. ئەمدى سەن بىزدىن نېمە تەلەپ قىلسەن، سورىغىن، ــــ دەپتۇ.

ــــ مەن سىلەردىن سۇ تەلەپ قىلىمەن، ــــ دەپتۇ قاسىم.

دىۋە پادىشاھلىرى:

ــــ قۇدۇقتىن سىرتقا قارىتا بىر ئۆستەڭ سۇ داۋاملىق ئاققاي، بۇ سۇ ئەبەدىل ئەبەد سېنىڭ بولغاي، يەنە سورىغىن، ــــ دەپتۇ. قاسىم:

ــــ مەن بىر ھاجەتمەن يولۇچى، سىلەر ئۇلۇغ شاھ، ماڭا ئاتاپ نېمە تۆھپە قىلساڭلار زور مۇكاپات بىلىپ قوبۇل قىلىمەن، ــــ دەپتۇ. دىۋىلەر:

ــــ مانا ماۋۇ خىسلەتلىك ساندۇق، ئۇنىڭ ئىچىدە لىقمۇلىق جاۋاھىرلار بار، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مال ـ دۇنيالارـ نى ئېلىپ، ئاغزىنى يەنە ياپساڭ ئاۋۋالقىدەك جاۋاھىرـ لارغا تولىدۇ. ماۋۇ خاسىيەتلىك ئەگۈشتەر، ئۇنى ھەرـ قانداق بىر كىسەلگە سۈرتسە شىپالىق تاپىدۇ. بۇلارنى سەن ئال، سېنىڭ ئۆمۈرلۈك مۈلكىڭ بولسۇن. ئەگەر بېـ شىڭغا ئېغىر كۈنلەر كەلسە بىزنى ياد قىل، بىز دەرھال يېتىپ كېلىپ مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىلىمىز، ــــ دەپتۇ. قاسىم كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ ساندۇقنى كۆتۈرۈپتۇ. ۋە ئەگۈشتەرنى قولىغا سېپتۇ.

دىۋە پادىشاھلىرى يىگىتكە قاراپ يەنە دەپتۇ:

ــــ يەنە تەلەپ ـ مۇددىئالىرىڭ بارمۇ؟

قاسىم دەرھال ئويلىنىپ:

ــــ مەن سەپەر ئۈستىدە كېتىۋاتىمەن، يول بويى ساندۇقنى كۆتۈرۈپ يۈرسەم، ھەسەتخورلار كۆرسە، مېنى ئاۋارە قىلىدۇ. ھەر بىرلىرىگە مالال كەلمىسە، بۇنى ئۆـ يۈمگە يەتكۈزۈپ بەرسەڭلار مىڭ مەرتىۋە خۇشال بولار ئىدىم، ــــ دەپتۇ.

ــــ ياخشى، بۇ ئىش بىز ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس. خاتىرجەم بول، ــــ دەپتۇ دىۋىلەر. ئاندىن بىرىـ گە تاپشۇرۇپتۇ. ئۇ دىۋە ھەش ـ پەش دېگۈچە ساندۇقنى مەلىكە نۇرجامالغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈـ رىدىن بىر دانە كەشتىلەنگەن ياغلىق ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ، قاسىم كەشتىنى ئېلىپ خاتىرجەم بوپتۇ.

قاسىم ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ قۇدۇقتىن سىرتقا چىـ قىشى بىلەن تەڭ بىر ئۆستەڭ سۇ ئېتىلىپ چىقىپ چۆلگە جان كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. كارۋانلار ئىنتايىن خۇشال بولۇـ شۇپتۇ. قاسىم كەشتىنى بېلىگە باغلاپ، ئەگۈشتەرنى قوـ لىغا ئېلىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

نۇرجامال خاسىيەتلىك ساندۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاـ ندىن كېيىن قېيىنئانىسىغا:

ــــ جېنىم ئانا، مالال كۆرمەي شەھەرگە بارسىلا، ئىزدەپ ـ سوراپ تامچى، ياغاچچى، تۆمۈرچى، خۇمدانـ چى، ئويمىچى، خەتتات، نەققاش، دېھقان، باغۋەن، تىكمـ چى، موزدۇز، ئاشپەز، ناۋاي قاتارلىق تۈرلۈك كاسىپلار بىلەن سۆزلىشىپ، ماقۇل كەلگەنلىرىنى باشلاپ كەلسىلە،

www.uyghurkitap.com



ئۇلارنى ياخشى رازى قىلىمىز. ئەمدى بۈگۈندىن باشلاپ مېنى قىزىم دېمەي ئوغلۇم دەپ ئاتىغايلا، بۇ سىزنى ھېچكىمگە ئېيتمىغايلا، — دەپتۇ.

ئانا دەرھال شەھەرگە راۋان بوپتۇ. ھەر تەرەپتىن ئىزدەپ-سوراپ ئوتتۇزغا يېقىن كاسىپ بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنى چۆلدىكى ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ. ئۇ ئۇستىلارنى كېلىشكەن، چىرايلىق بىر «يىگىت» قارشى ئاپتۇ، ئاندىن ئۇلارنى مېھمان قىپتۇ. داستىخاندىن كېيىن يىگىت سۆز باشلاپتۇ:

— مەرھەمەتلىك ئۇستىلار، مۇشۇ چۆلنىڭ ئۆزىدە چوڭ بىر شەھەر بەرپا قىلماقچىمىز. ھەر بىرلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىردۇق. سىلەر ماقۇل كۆرسەڭلار ھەر بىرىڭلار يەنە بىر قىسىم ئۇستىلارنى باشلاپ كەلسەڭلار، ئىشىمىزنى باشلىۋەتسەك، كىمكى بۇ يەردە ئىشلەشنى ئىختىيار قىلسا ئۇنداقلارغا شەھەردىكىدىن ئىككى ھەسسە زىيادە ھەق ھەمدە يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك تولۇق بېرىلىدۇ. قېنى، نېمە دەيسىلەر؟!

— يىگىت غوجام، — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — بۇ گەپلىرىگە مىڭ مەرتىۋە ماقۇللۇق بىلدۈرىمىز. بىز قايتىپ بېرىپ يارانلارغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزەيلى، يەنە نۇرغۇن كەسىپداشلارنى بۇ جايغا تەكلىپ قىلايلى، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. خوشلىشىش ئالدىدا «يىگىت» ئۇلارغا بىردىن تىللا ھەدىيە قىپتۇ. بىر ئاي جان تىكىپ ئىشلەپ بىرەر تىللارغا ئېرىشەلمەيدىغان بۇ بىچارىلەر خۇشلۇقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي، ئۆيلىرىگە كېلىپ ئارام ئېلىشقىمۇ تاقەت قىلماي دوست-يارەنلىرىگە خەۋەر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نەچچە يۈز ھۈنەرۋەن بۇ يەرگە جەم بوپتۇ-دە، شەھەر قۇرۇش مەشغۇلاتى باشلىنىپ كېتىپتۇ. ھەممە ئادەم ئىخلاسى بىلەن ئۆز ھۈنىرى ۋە غەيرىتىنى ئىشقا سېپتۇ. قۇرۇلۇۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر تەرەپ-تەرەپتىن بۇ يەرگە كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار مەلىكە نۇرجامالنى «پادىشاھ» دەپ ئاتىشىپتۇ.

پادىشاھ «يىگىت» لەشكىرى قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. ئۇلارنى تەربىيەلەپتۇ. نۆكەر ئىچىدە بىر يىگىت بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى سۇلتان قۇل ئىكەن. ئۇ كۈچ قۇدرەت ۋە ئەقىل-پاراسەتتە ئۈستۈن، پادىشاھ «يىگىت»كە سادىق ئىكەن، پادىشاھ «يىگىت» ئۇنى پۈتكۈل قوشۇنلارغا سەردار ۋە ئۆزىگە ياردەمچى قىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ «يىگىت» نىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا شۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى ئەمگەك سىجىللىرى نەتىجىسىدە تەنلىرىگە ھاردۇق يەتكەنلىكىنىڭ روشەن ئالامەتلىرى سېزىلمەكتە. ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ ئارام ئالغايلا، بۇ بولسا ئاباتلىقىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن مۇۋاپىق، دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل كۆرۈپتۇ.

ئۇ سۇلتان قۇلنى چاقىرىپ:

— يارانلارنىڭ شىكار قىلىپ بىر مەھەل ئارام ئېلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مەن شىكاردىن كەلگۈچە ئاباتلىقنىڭ پۈتكۈل ئىشىنى سىزنىڭ بېجىرىشىڭىزگە تاپشۇردۇم. ساداقەت ۋە ئىشەنچ بىلەن ئىشلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

سۇلتانقۇل ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ پادىشاھ «يىگىت» ئىككى نۆكىرى بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ. شەرق تەرەپتىن بىر توزاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ. توزاڭ بارغانسېرى يېقىنلىشىپتۇ. قارىسا بىر كېيىك ئىكەن. پادىشاھ «يىگىت» پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كېيىككە قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. كېيىكنىڭ ئارقا ئىككى پۇتى زەخىملىنىپ دەرھال يىقىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا يەنە بىر توزاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ. توزاڭ يېقىنلاشقاندىن كېيىن قارىسا بېشىغا تاج كىيگەن، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان. يېنىغا قىلىچ ئاسقان سالتەنەتلىك بىر پادىشاھ ئىكەن.

پادىشاھ «يىگىت» دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ شاھانە سالام قىپتۇ.

— ئۇقۇشماسلىق بولغان ئوخشايدۇ. بىلمەستىن سەيدلىرىنى ئېتىپ ساپتىمەن. گۆدەكلىكىمنى ئەپۇ قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دەپتۇ-دە، كېيىكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئېتىغا غانجۇغىلاپ قويۇپتۇ.

— كېرەك يوق، — دەپتۇ پادىشاھ كۈلۈمسىرەپ، — تاسادىپىي ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. چوڭ پادىشاھ پادىشاھنى ناشتىلىق غىزاغا تەكلىپ قىپتۇ. ئارىلىقتا ئىككىسى قىسقىچە ئەھۋاللىشىپتۇ. چوڭ پادىشاھ پادىشاھ «يىگىت»كە:

— بىزنىڭ تۇرۇشلۇق شەھىرىمىز بۇ يەرگە يىراق ئەمەس، مالال كەلمىسە شەھىرىمىزگە بېرىپ مېھمان بولسىلا، — دەپتۇ.

— تەكلىپلىرىدىن باش تارتىش مەن ئۈچۈن ئەيىب، مىلىك مەرتىۋە بارغۇم باردۇر، — دەپتۇ پادىشاھ «يىگىت».

ئۇلار يولغا چىقىپتۇ. چوڭ پادىشاھ يول بويى كۆڭلىدە: «مانا مۇشۇنداق يىگىتكە قىزىمنى بەرسەم، دۆلەت ۋە سەلتەنەتكە شۇنداقلار ۋارىسلىق قىلسا، مەنمۇ ئارمانسىز كېتەر ئىدىم. ئۇنىڭ ئەپتىدىن ئەقىل-پاراسەت، دىيانەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلار چوڭ پادىشاھنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. خالايىق داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. سازەندىلەرنىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق نەغمە نەۋاسى، پەرىدەك قىزلارنىڭ لەرزان ئۇسسۇل سىماسى مېھمانغا خۇش تەسىر قىلىپ، ۋۇجۇدىدىكى ھارغىنلىق يۇيۇلۇپ روھىي ھالىتىدە خۇشاللىق ئەكس ئېتىپتۇ.

پادىشاھ بۇ ياش «يىگىت»نى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىشنى ئويلاپ ۋەزىرنى چاقىرىپتۇ:

— بۇ مېھمان شىكاردا يولۇقۇپ قالدى. ئۇنىڭ خۇلقى ئەخلاقى، پەم-پاراستى كۆڭلۈمگە يېقىپ قالدى. بۇ يىگىت ئۆيلەنمىگەن بولسا، ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋالسام، دېگەن خىيال كۆڭلۈمگە كىرىۋالدى، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— پادىشاھىم، بۇ ئىش ئانچە قىيىن بولمىسا كېرەك، ئاۋۋال ئەھۋالنى ئۇقۇپ كۆرەيلى، مېنىڭچە ئۆيلەنمىگەندەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

ئۇلار بىر كۈنى سەيلىگە چىقىپتۇ. ۋەزىر سەيلىگاھتا ئولتۇرۇپ «يىگىت»كە دەپتۇ:

— ئادەم تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يۈزلىنىپ مۇھەببەت غەۋغاسىغا بارىدىكەن. ئۇنىڭ ماجىرالىق قايناملىرىغا كىرىدىكەن. بۇ قايناملاردا بەزىلەر ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەلەيدىكەن. بەزىلەر شۇڭغۇپ غەرق بولىدىكەن... بۇ سەۋدالار بىلەن ھەش-پەش دېگۈچە ياشلىقىدىن مەھرۇم بولىدىكەن. پەممىچە ئۆزلىرى ئۆيلەنمىگەن بولسىلا كېرەك؟

— شۇنداق ۋەزىر ئەزەم، — دەپتۇ «يىگىت» پادىشاھ، — مەن تېخى بۇ قاينام تەرەپكە قەدەم ئالمىدىم، ئەمدىلەتىن خىيال قىلساق ئەيىب بولماس.

— ناھايىتى مەنۇنلۇق پىكىر، — دەپتۇ ۋەزىر، — مېنىڭ ئاددىي بىر تەكلىپىم بار، خوپ كەلسە، ئۆزلىرىنى ئۆيلەپ قويساق قانداق بولار؟

— مەن بولسام سىلەرگە مېھمان، بۇ ھەقتە سۆز ئاچسام ئۇيات بولۇر، خىجالەت قىلماسلىقلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ «يىگىت»

— پادىشاھىمىز تولىمۇ ئاقىل، ئادىل ۋە پاك ئادەم ئۇ ئۆزلىرىنىڭ تەرىپ ۋە تەۋسىپلىرىنى كۆپرەك قىلدى. ئۆزلىرىنى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش پادىشاھىمىزنىڭ ئارزۇسى؟

بۇنى ئاڭلىغان «يىگىت»نىڭ يۈزى قىزىرىپتۇ ۋە:

— ئۆيلەنمىگەن. ئىنى ئاكىغا يول بەرمىكى زۆرۈر، شۇڭا پادىشاھنىڭ بۇ قىزى ئاشۇ ئاكامنىڭ جۈپتى بولۇشقا لايىق ئىكەن، — دەپتۇ.

— ئۆزلىرىنى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش پادىشاھىمىزنىڭ ئارزۇسى، سىلى ماقۇل كۆرسىلە تولا ئوبدان ئىش بولاتتى. ياق دېمىسىلە، — دەپتۇ ۋەزىر. ئامالسىز قالغان «يىگىت»:

— ئۇلۇغ شاھ مېنى باللىققا لايىق كۆرگەن بولسا بوپتۇ، — دەپتۇ:

— دىيانەتلىرىگە باركاللا، — دەپتۇ ۋەزىر خۇشال بولۇپ.

ۋەزىر بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ.

— مېنى غەمدىن قۇتقۇزغىنىڭىز ئۈچۈن كۆپ تۆھپە بېرىمەن. سىز توي مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىڭ. داغدۇغىلىق توي ئۆتكۈزۈپ يۇرت ئەھلىنى شادىمان قىلايلى! — دەپتۇ شاھ.

توي ئىشىدىن خەۋەر تاپقان مەلىكە دىلئارام مىسلىسىز خۇشال بوپتۇ. ۋاقتى سائىتى يېتىپ داغدۇغىلىق توي باشلىنىپتۇ. تويىنىڭ ناغرا-سۇنايى ساداسى پۈتكۈل شەھەر ئاسمىنىنى ياڭرىتىپتۇ. قىز — «يىگىت»: نىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپتۇ. ئۇلار شاھانە ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. كۆرشۈكىگە كىرگەندە «يىگىت» دىلئارامغا شۇنداق دەپتۇ:

— شاھ ئاتىمىزنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىككىمىز بەختلىك ھالدا قوشۇلدۇق. لېكىن مەن ئانامنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي خوتۇنۇم بىلەن بىر يەردە بولماسلىققا قەسەم قىلغاندىم. بۇ قەسەمگە ھەرگىزمۇ خىلاپىق قىلالمايمەن. ئانام بىلەن كۆرۈشكىچىلىك تەخىر قىلساق، — دەپتۇ.

— كۆڭۈللىرىچە بولسۇن شاھزادەم، ئانا ئالدىدىكى ئەھدە بىز پەرزەنتلەرنىڭ قەرزى، — دەپتۇ مەلىكە. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى «يىگىت» مەلىكىگە دەپتۇ:

— مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىمغا بىر ئاي بولدى. ئانامنى بەكمۇ سېغىندىم. مەندىمۇ بىر شەھەرنىڭ شاھلىق مەجبۇرىيىتى بار. يەنە بىر مۇھىم كىشىمىز يىراق يۇرتقا سەپەرگە

uyghurkitap.com



كەتكەن. ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىزمەن. زۇرۇرىيەت مېنى قىستاۋاتىدۇ. ئىلتىجايىمىزنى شاھ ئاتىمىزغا مەلۇم قىلساق، ئىجازەت بېرىپ بىزنى ئۇزىتىپ قويىسكەن. پات-پات كېلىپ شاھ ئاتىمىزنى زىيارەت قىلىپ تۇرساق؟

دىلئارامغا بۇ تەكلىپ ئىنتايىن يېقىپتۇ. شاھ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بەش نۆكەر، يۈز كېنىزەك، قىرىق قېچىر جاۋاھىراتلار بىلەن سوۋغات تەييارلاپ بۇ ئىككىسىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى قاسىمدىن ئاڭلايلى: قاسىم قۇدۇقتىن ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن كارۋانلار بىلەن بىر قەدىمىي شەھەرگە كەپتۇ. ئۇ كاۋان باشلىقىدىن رۇخسەت ئېلىپ شۇ شەھەردە قاپتۇ. ئەڭگۈشتەرنىڭ كارامىتىنى كۆرمەكچى بولۇپ، بىر دوقمۇشتا تېۋىپلىق قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. كەلگەن ھەرقانداق كېسەللەرگە ئاز ھەم ئاددىي دورا بېرىدىكەن-دە، ئاغرىغان جايغا ئەڭگۈشتەرنى تەگكۈزىدىكەن. كېسەل شۇئان ساقىيىدىكەن. ئۇنىڭ داڭقى تارىلىپ تەرەپ-تەرەپتىن كىشىلەر كەپتۇ. شەھەر-شەھەرگە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. نۇرغۇن مال-مۈلۈككە ئىگە بوپتۇ.

بىر شەھەرنىڭ ھېكىم شاھ دېگەن پادىشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ گۈلسارە ئىسىملىك يالغۇز قىزى بار ئىكەن. ھۆسن-جامالدا تەڭداشسىز بۇ قىزغا پادىشاھ بەكمۇ ئامراق ئىكەن. پادىشاھ ھەركۈنى قىزنى كۆتۈرۈپ قىزىل گۈلنىڭ شېخىنى ئېگىپ پۇرىتىدىكەن. بۇ ئىش قىزنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپتۇ. قىز بالاغەتكە يەتكەن چاغلىرىدا، بىر كۈنى گۈل پۇراۋاتقاندا گۈل ئارىسىدىن ئېلان چىقىپ قىزنىڭ كۆزىنى چېقىۋاپتۇ. قىزنىڭ كۆزى ئىششىپ، ئىلاننىڭ زەھىرى پۈتۈن ئەزالىرىغا تاراپ، بىچارە قىز دەھشەتلىك ئازاب ئىچىدە قاپتۇ.

شاھ پەرمان چۈشۈرۈپ قىزنى داۋالىغان تېۋىپقا كۆپ ئىنئاملارنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھەر يەر-ھەر يەردىن تېۋىپلار كەپتۇ. قىزنىڭ ئازابى كۈچىيىشكە باشلاپتۇ. ئامالسىز قالغان پادىشاھ قىزنى داۋالىغۇچىنى ۋەزىر، كۈيئوغۇل، ھەتتا شاھ قىلىدىغانلىقنى جاكارلاپتۇ. شۇ كۈنلەردە قاسىم بۇشەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇردا ئەھلى ئۇنى شاھ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ. پادىشاھ قاسىمغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ:

— كۆپ كىشىلەر كەلدى، داۋالاپ كۆردى، ئۇنۇم بەرمىدى... دەپ بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ قاسىمدىن قىزنى ساقايتىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قاسىم چوقۇم قىزنى ساقايتالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ قىزنى سۈت بىلەن يۇيۇندۇرۇپ ئەڭگۈشتەرنى كۆزىگە سۈركىگەن ئىكەن. قىزنىڭ كۆزى ۋاللىدە يورۇپتۇ.

شاھ قاسىمغا كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ:

— سىزگە مىڭلارچە رەھمەت، قىزىمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزدىڭىز، جانغا-جان قوشتىڭىز، ئوردا ئىچىدە ئازادە ئارام ئېلىڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ دەرھال تاماھى خاسلىرىنى چاقىرىپ توي ئىشىنى كېڭەش قىلىپتۇ. ھەممەيلەن شاھنىڭ پىكرىنى قوللاپتۇ. تەييارلىق پۈتۈپ توي باشلىنىپتۇ. توينىڭ ئاخىرقى كۈنى گۈلسارەمنى قاسىمغا نىكاھلاپتۇ. ۋە شاھانە ھۇجرىلارغا جايلاشتۇرۇپتۇ. پۇرسەت پىشقاندىن كېيىن قاسىم مەلىكىنى چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھۆرمەتلىك مەلىكەم، مېنىڭ دۇنيالىقتا ياشانغان بىرلا ئانام بار. مەن سەپەرگە چىقىدىغان چاغدا ئانامنىڭ ئىجازىتىسىز خوتۇن كىشى بىلەن بىر جايدا بولمايمەن. دەپ ئەھدى قىلغاندىم. ئەھدىمنى بۇزالمايمەن. شۇڭا مۇبارەك كۆڭۈللىرىگە مالال كەلمىسۇن، بىر مەزگىل سەۋرى ئەيلەيلى!

مەلىكە قاسىمنىڭ ئىلتىماسىغا چىن دىلىدىن رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شاھ قاسىمنىڭ ئۆز ئورنىغا شاھ بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ. ئەمما قاسىم ئېكرام بىلەن رەت قىلىپتۇ. ئاخىرى پادىشاھ قاسىمنىڭ پىكرىگە ماقۇل بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ساپ نىيىتىگە، يۈكسەك ئەقىل-پاراستىگە زوقلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ توي قىلغىلى ئالتە ئاي بولغاندا، قاسىم ئانىسى ۋە مەلىكىنى ئىنتايىن سېغىنىپتۇ. بىر كۈنى قاسىم گۈلسارەمگە مەسلىھەت سېلىپ:

— مەن ئۆيدىن چىققىلى ئۇزاق بولدى، ئانامنى بەكمۇ سېغىندىم. مەنغۇ ئاتىڭىزنىڭ دۆلىتىدە غەم-غۇسسىز ئۆتۈۋاتىمەن. لېكىن بىچارە ئانام چۈشۈمگە تولا كىرىدۇ. شاھ ئاتىمىزغا ئىلتىماسىمنى يەتكۈزۈپ بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بېرىشقا ئىجازەت ئالسىڭىز، — دەپتۇ. مەلىكە گۈلسارە قاسىمنىڭ ئىلتىماسىنى ئاتىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. شاھ ماقۇل بولۇپتۇ. سەپەر تەييارلىقى باشلىنىپتۇ. بەش يۈز نۆكەر، يۈز كېنىزەك، يۈز قېچىر مال دۇنيا راسلىتىپتۇ. پادىشاھ

بىلەن خانىش ئۇلارنى كۆزى قىيمىغان ھالدا يولغا سالىدۇ. ئۇلار بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ھېلقى قۇدۇق بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يەردە بىر ئۇستەڭ سۇ داۋاملىق ئېقىپ تۇرغۇدەك. جەزىرىنىڭ قىياپىتى ئۆزگەرگەن. نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن. قاسىم بىلەن مەلىكە ئىككىسى ئۇ يەردە بىر ئاخشام قونغاندىن كېيىن يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. قاسىم يول بويى ئاجىزلارغا خەير-ساخاۋەت قىلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ. قاسىم بۇ يەرلەرنى تونۇيالماي قاپتۇ. قارىسا، بۇ يەردە يېڭى بىر شەھەر بەرپا بولغان. شەھەرنىڭ ھەشەمەتلىك بىنالىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىكەن، سودا تىجارەتلىرى ئېنتايىن جانلانغان، ئادەملىرى خۇشال خۇرام ئىكەن. قاسىم مەلىكە نۇرجامالدىن چەكسىز سۆيۈنۈپتۇ. ۋە ئۇنى چەكسىز سېغىنىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھ «يىگىت»تىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ «يىگىت» دىلئارامنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. بىر كۈنى كەچتە ياساۋۇللار ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ شۇنداق مەلۇمات بېرىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىمىز، جانابلىرى سەپەرگە ئەۋەتكەن كىشى سەپەرنى تۈگىتىپ قايتىپتۇ. ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن قوشۇنى ۋە باشقا نىممەتلىرى بار ئىكەن.

خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— قوشۇنلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، ئۇ كىشىنى ئۇچىنچى دەرۋازىدىكى مېھمانخانىغا ئېلىپ كىرىڭلار! — دەپتۇ-دە، ئۆزى ھۇجرىسىغا كىرىپ ئەرەنچە شاھلىق لىباسنى سېلىپ ئەسلىدىكى سىياقىغا يېنىپتۇ. ھەيھات! — بىر پەرى پەيكار، ئاي يۈزلۈك گۈزەل بولۇپتىكى، ئوردا گويا قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپتۇ. دىلئارامۇ جابدۇنۇپتۇ. كېنىزەكلەر ئوتتۇرىسىدا ئىككى مەلىكە خۇددى جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدەك مېڭىشىپتۇ. قاسىم مەلىكەنىڭ ئالدىغا ئېھترام بىلەن كەپتۇ. نۇرجامال پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن سېغىنغان دىلدارىغا ئېگىلىپ تازىم قىپتۇ. مەلىكە شېرىن سۇخەنلىك بىلەن يىگىتتىن ئېسەنلىك سوراپتۇ. يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىنى ھارارەت بېرىپتۇ. قاسىم ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ بىر نەرسە ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك كەينىگە قاراپتۇ. مەلىكە بۇنى كۆرۈپ:

— ئارقىدا بىر كەم بارمىدى؟ قوشۇنلار ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلدى، — دەپتۇ.

— يوقسۇ مەلىكەم ئۆزلىرىگە كېنىزەك ئالغاچ كەلگەندىم، — دەپتۇ، قاسىم گۇلسارەمنى تونۇشتۇرۇپ، مېھمانلار ئازادە ھۇجرىغا باشلىنىپ زىياپەت باشلىنىپتۇ. مېھمانلار بىلەن ساھىبخانىلار غىزادىن كېيىن ئازادە ئولتۇرۇپ سۆھبەت قىلىشىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن مەلىكە سۇلتانقۇلغا پۈتۈن خالايىقنى يىغىشنى تاپشۇرۇپتۇ. پۇقرالار دېگەن قەرەلدە توپ-توپ بولۇپ مەيدانىغا ئېقىپ كېلىشىپتۇ. پادىشاھ «يىگىت» كاتتا بېزەلگەن مۇنبەرگە چىقىپتۇ ۋە خەلققە ئېھترام بىلدۈرۈپتۇ. ئاندىن:

— مەن خەلقىمگە نەچچە ۋاقىتتىن پىنھان تۇتۇپ كەلگەن سىرىمنى ئېچىش قارارىغا كەلدىم. مەن ئەسلىدە ئايال ئىدىم. ئۆز ھەمراھىم، — دەپتۇ قاسىمنى كۆرسىتىپ، — يېنىمدا بولمىغانلىق تۈپەيلىدىن ۋاقىتنچە ئاياللىق سالاھىيىتىمنى يوشۇردۇم. مانا ھازىر ئۆز جۈپتۈم قايتىپ كەلدى. ئۇ مۇشۇ يەرنىڭ ئەسلىدىكى ئېگىسى، پادىشاھلىقنى بۈگۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا ئۆتۈنىمەن.

مەلىكە نۇرجامال بېشىدىكى تاج ۋە ئۇستىدىكى شاھانە لىباسنى قاسىمغا كىيدۈرۈپتۇ. خەلق قاسىمنى مۇبارەكلەپتۇ. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن ھېنىپخان ئانا چەكسىز شادلىققا چۆمۈپتۇ.

قاسىم شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن نۇرجامال قاسىمغا:

— دادامدىن ئايرىلغىلى ئۇزاق يىللار بولدى، ئۇلارنى بەكمۇ سېغىندىم، شۇڭا شاھ ئاتىمىزنى ئاباتلىقىمىزغا چاقىرساقمىكىن، — دەپتۇ.

— مېنىڭ خىيالىمۇ شۇنداق ئىدى، — دەپتۇ قاسىم.

شاھانە تەكلىپنامە يېزىلىپتۇ. قىرىق قىچىر سوۋغات تەييارلىنىپتۇ. سۇلتانقۇل باشلىق بىر توپ كىشىلەر مەھمۇد شاھنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇچىنچى كۈنى قىيام ۋاقتىدا شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. شاھ بۇ تاسادىپىي ئەلچىلەرنى قوبۇل قىپتۇ. سۇلتانقۇل تەكلىپنامىنى شاھقا سۇنۇپتۇ. مەھمۇد شاھ ئامراق قىزىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ جۇدالىقىدا ھەسرەت چېكىدىكەن. يىغلايدىكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەزىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





ۋەزىرلىرى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، قىزلىرىنىڭ دەردىدە كېچە-كۈندۈز غەم-ھەسرەت چېكىپ مۇبارەك چىرايلىرىمۇ سارغىيىپ كەتتى. سەيلى-ساياھەت قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ كەلگەنلىرى سالامەتلىكلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. شۇڭا بۇ تەكلىپنامىنى ئەۋەتكەن پادىشاھنىڭ يۇرتىغا بېرىپ كەلسىلە، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. مەھمۇد شاھ بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل كۆرۈپتۇ.

مەھمۇد شاھ يولغا چىقىپتۇ. مېھمانلار يول بويى مىسلىسىز ئىززەت بىلەن كۈتۈۋېلىنىپتۇ. شاھ ئاخىرى نۇرجامالنىڭ شەھىرىگە كېلىپتۇ. نۆكەرلەر كوچا-كوچىلاردا ھۆرمەت بىلەن تۇرۇپتۇ. مېھمانلار ئېسىل ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. ئارقىدىن زىياپەت باشلىنىپتۇ.

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، — دەپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ مەلىكە نۇرجامال زىياپەتتە يۈزىدىكى ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ، — پېقىر سىلىنىڭ قىزلىرى نۇرجامال بولىمەن، ئۆزلىرىدىن كۆپ ئەپۇ تىلەيمەن. ئۆز ۋاقتىدا مۇبارەك دىللىرىنى رەنجىتتىم. سىلى مېنى قوشۇپ قويغان ھېلقى ھېيىپ يىگىت پېقىر قىزلىرىنىڭ ئاز-تولا سەۋەبكارلىقى بىلەن ئەسلىگە كېلىپ ئاتاتلىقىمىزنىڭ يېتەكچىسى بولۇۋاتىدۇ، مانا بۇ قەمەر شاھنىڭ قىزى دىلئارام بولىدۇ. بۇ قىز ھېكىم شاھنىڭ قىزى گۈلسارەم مانا بۇ مېنىڭ قېيىنئانام.

— ئاھ قىزىم، — دەپ ھوشىدىن كېتىپتۇ پادىشاھ. نۇرجامال دەرھال دادىسىنى يۆلەپتۇ. پادىشاھ بىر پەستىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ.

— مەرھەمەتلىك دادا، — دەپ يەنە سۆز باشلاپتۇ نۇرجامال، — ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇنداق بەختلىك ھالدا كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولدۇق. بىز ھەممىمىز ئۆزلىرىنى بەك سېغىندۇق. كېچە-كۈندۈز ياد قىلدۇق. دىدارلىرىغا مۇشەررەپ بولۇش ئارزۇسىدا پۈتۈن قانتەرىمنى سەرپ قىلىپ «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن ھېكمەتلىك ئەمەللىرىنى ئورۇنداشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. مەرھەمەتلىك دادا، ئەيىبكە بۇيرىمىغايلا.

پادىشاھ قىزى نۇرجامالنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ. كۆڭلىدىكى قايغۇ-ھەسرەتلەر تامام تۈكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى قىلغان ئىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى شاھ قىزىنى ۋە كۈيئوغلىنى چاقىرىپ دەپتۇ:

— باللىرىم كۆڭلۈمنىڭ مەمنۇنلۇقىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلاردا بەكمۇ ئازادە، خۇشال-خۇرام بىر ئاينى ئۆتكۈزدۈم. كۆڭلۈمنىڭ ئىنتىزارلىقى قاندى. سىلەرنى كۆرۈپ بىر ئۆمۈر خاتىرجەملىككە ئېرىشتىم. ئوردىنىڭ ئىشلىرى مېنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. ئېغىر كۆرمىسەڭلار مېنى ئۇزىتىپ قويۇڭلار.

— مەرھەمەتلىك دادا، — دەپتۇ نۇرجامال، — ئۆزلىرى بىلەن يەنە بىر مەسلىھەت قىلىشىدىغان ئىشىمىز بار. ئۆزلىرىگە ئېيتىپ بەرگىنىمدەك دىلئارام مەن بىلەن كەلدى، گۈلسارەم كۈيئوغۇللىرى بىلەن كەلدى. ئۈچ پادىشاھنىڭ ئامراق ئۈچ مەلىكىسى بىر يەرگە جەم بولدۇق. زۈرۈرىيەت تۆپەيلىدىن شۇنداق بولدى. دىلئارامنى قوبۇل قىلىشقا پېقىرلىرى جان-جىگەر ئاكامنى كۆزدە تۇتقاندىم. چۈنكى بىچارە ئاكام مېنىڭ جۇدالىقىمدا تا ھازىرغىچە نىكاھلانماپتۇ. گۈلسارەمنى بولسا لەشكىرى سەردارىمىز سۇلتانغا نىكاھلىساق، ئەگەر مېنىڭ تويۇمنى قايتا قىلىپ بېرىمەن دېگەن ئۈمىدلىرى بولسا مۇشۇ تويلار بىلەن بىرلىكتە قىلساقمۇ بولىدۇ.

پادىشاھ خۇشاللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئۆزى دەرھال قايتىپ زۆرۈر تەييارلىقلارنى قىلدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

مەلىكە يۈز قېچىر زەر-جاۋاھىراتلارنى سوۋغا قىپتۇ. ئوتتۇز نۆكەرنى بىللە ماڭدۇرۇپتۇ. شاھ ئوردىسىغا يېتىپ، كېلىپ مۇلازىملارنى يىغىپ ئۇلارنى قىرىق كۈنلۈك توي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىشنى تاپىلاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي كاتتا توي مەرىكىسى باشلىنىپتۇ. نەغمە-ناۋا، داغدۇغىلار ئۈزۈلمەي قىرىق كۈن داۋاملىشىپتۇ. تويدىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆز جايلىرىغا يۈزلىنىپتۇ.

ۋاقتى سائىتى يېتىپ مەلىكە نۇرجامال ئاياق، بودرۇق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭغا «بەختى ئابات» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

ئاڭلىساق شاھزادە بەختى ئابات ئاتا-ئانىسىدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرۇپتۇ، ئاتا-ئانىسى بەرپا قىلغان ئاباتلىقنى مىسلىسىز گۈللەندۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن شەھىرى مۇنچا كوچىسىدىن 75 ياشلىق ئەيسا ياسىن

تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى

# ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە



مەنسۇرجان تۇرسۇن

ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئۆزىگە خاس بولغان يېڭى ئۇسلۇب، مەردانە، مۇڭلۇق مېلودىيەسى ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك، مول مەزمۇنلۇق گۈزەل تېكىستلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى خەزىنىسىدە ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىلى خەلقىنىڭ توي - تۆكۈن، بەزمە - مەشرەپ، باراۋەتلىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئەمگەك ۋە تۇرمۇش سورۇنلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ كەلگەن، شۇنىڭدەك گۈزەل غايە ۋە بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىش سادالىرىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈپ، ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارنى بىر - بىرىگە ئۇلايدىغان ئۈزۈلمەس رىشتە بولۇپ كەلدى.

ئىلى خەلق ناخشىلىرى دەۋرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئۆزگىچە سەنئەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەينى دەۋردىكى خەلقنىڭ ئەركىنلىككە، بەخت - سائادەتكە، ساپ مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىش، ئارزۇ ھەۋەسلىرى ئىنتايىن يىقىملىق، لىرىك ئاھاڭ، قويۇق مىللىي پۇراق، مۇستەھكەم قۇرۇلما بىلەن ئىپادىلىنىپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە. شۇ سەۋەبلىك تۆۋەندە بىز ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە يۈزەكى قاراشلىرىمىزنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمىز.

**1. ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك.**

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىلى خەلق ناخشىلىرى خەلق تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، خەلق ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان، ئورتاق مەنىۋى بايلىققا ئايلانغان. دەۋرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، ئەلادمۇ - ئەۋلاد داۋاملاشقان. شۇ تۈپەيلى خەلق ئورما ئورۇۋېتىپ، ئۇستەڭ چېپىۋېتىپ، سېپىل سوقۇۋېتىپ، زېرىكىشلىك ئۇزۇن سەپەرلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، سۆيگۈ - مۇھەببەت پىراقىدا پۇچىلىنىپ، ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان يالقۇنلۇق ھېس - ھاياجانلىرىنى، قەلب ئىزھارىنى ئىپادىلەپ، ھەر خىل ناخشىلارنى ئېيتىدۇ.

ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئوبرازچانلىقى ناھايىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆچلۈك، شەكلى خىلمۇخىل، مىللىي ئۇسلۇب ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئەينى دەۋرنى ئەسلىتىدۇ، كەلگۈسىگە ئىنتىلدۈرىدۇ. ئىلى خەلق ناخشىلىرىدا خەلقنىڭ تۇرمۇشى، چىن ھېسسىياتى، ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇڭا بۇ ناخشىلار خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ ئۆلمەس مېلودىيەگە ئايلاندى.

**2. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىنىڭ تىلى يېنىك، ئاھاڭى يېقىملىق.**

ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئىلى خەلق ناخشىلىرى تىلىنىڭ ئاددىيلىقى، ئەۋج ئەگىتمىلىرىنىڭ نەپىسلىكى، قوشاق تۇسىنىڭ قويۇق بولۇشى، ئاھاڭىنىڭ يېقىملىق ۋە ياڭراقلىقى بىلەن خەلقىمىزنىڭ دىل تۇۋىشىنى چېكىدۇ. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىنىڭ باشلىنىش سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى بىر قەدەر سىلىق، لەرزان ئېيتىلىدۇ. كېيىن تەدرىجىي ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مىسرالارغا ئۆتكەندە تېخىمۇ ئەۋجگە چىقىپ، ئاخىرىدا پەسىيىپ چۈشىدۇ. بىر كۈچىيىپ، بىر پەسىيىپ دولقۇنسىمان راۋاجلىنىدىغان، ھەتتا خېلى چوڭ سەكرەش ھاسىل قىلىدىغان ئاھاڭ لىنىيەلىرى بۇ چوڭقۇر ھېسسىياتلىق خەلق ناخشىلىرىنىڭ لىرىك مەزمۇنىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ زوق - شوققا تولغان، يۇمۇرىستىك، خۇشچاقچاق مىجەز خاراكتېرىنىمۇ ناھايىتى يارقىن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىنىڭ جۈپ مىسرالىرىنىڭ ئەۋجى قانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئېيتىلسا، ناخشىچىنىڭ ئاۋازى قىسىلماي، قىينالماي بىر نەپەستە شۇ پەللىگە يېتىپ چىقىپ چۈشۈرۈلسە، راسا بابىغا كەلتۈرۈپ ئېيتىلدى دەپ قارىلىدۇ.

ئىلى خەلق ناخشىلىرىدا ئاھاڭ تۇرلەندۈرگۈچى سۆزلەر (ئىملىقلار، ئىسىملار، ئۈندەشلەر) سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەر ھەمىشە قىستۇرۇلۇپ ئېيتىلىپ، ئاھاڭ مېلودىيەلىرىنى يېقىملىق، مۇڭلۇق، گارمونىيەلىك قىلىپ ئىپادىلىشىمۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يەنە بىر يارقىن ئالاھىدىلىكى. بۇ خىل ئاھاڭ تۇرلەندۈرگۈچى سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەردىن «ئايارەي»، «خان لەيلۇن ئايەي»، «ئەي ئالتۇنجان»، «شېرىنجان»، «سېنىڭ ئوتۇڭ يامان»، «ۋاھ گۈل مەشۇق»، «ئەي گۈللىدىلۇن»، «ئا جېنىمەي»، «جېنىم يارەي»، «ئەۋرىشىم ۋايەي»، «لېۋەن دەردىڭ يامان بالىخان»، «يار ساڭا مەيلىم بار»، «مەشۇقۇم يارەي»، «پەريادەي»، «ئايەي بى دەردىڭ، ئا سېنىڭ دەردىڭ، گۈزەل يارىم» قاتارلىق ناخشىلارنىڭ ئاھاڭ ئۆزگەرتىش، ئاھاڭ تۇرلەندۈرۈش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ناخشا تېكىستىنىڭ ھەرقايسى مىسرالىرىدا ئوخشىمىغان شەكىلدە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن،

سېرىق سەبدە تولۇن ئايدەك،
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ.
(ئايارەي، يۈزۈڭگە نۇر ئايارەي، ياراشىپتۇ)
سېنىڭ ئوتۇڭ پىراقىڭدا
(خانلەيلۇن ئايارەي)
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

بۇ خىل مۇڭلۇق ئاھاڭ تۇرلەندۈرگۈچى سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەر ناخشىدىكى ھېسسىياتنى تېخىمۇ قىزغىن، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ جەزىبىدار قىلىپ ئىپادىلەپ، ناخشىلارنىڭ قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى، يەرلىك پۇراق بەخش ئېتىپ، ئۆز ماكانىغا خاس بولغان يەرلىك ئالاھىدىلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئىندىۋىدۇئال ئۇسلۇبقا ئىگە قىلغان.

**3. ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي، قۇرۇلمىسى پۇختا.**

ئىلى خەلق ناخشىلىرى قاپىيەگە باي، ئەستە ساقلاش بىر قەدەر ئاسان بولۇپ، ئۆزلىشىشچانلىقى يۇقىرى. ئىلى خەلق ناخشىلىرى گەرچە ئۇزاق تارىخىي دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن خىلمۇخىل بوران - چاپقۇن ئىچىدىمۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلدى. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى تۈزۈلۈشىنىڭ ئاددىي، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختا بولغانلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن،

ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.

بۇ مىسرالار مەيلى مەزمۇن، بەدىئىيلىك جەھەتتىن ياكى قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن، ئاجايىپ تاتلىق،

لىرىكلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك، قۇرۇلما جەھەتتىن پۇختا. بۇ مىسرالار ھەم ئىچكى قاپىيەگە ھەم تاشقى قاپىيەگە ئىگە. بىرىنچى مىسرادىكى «ئاي» بىلەن ئۈچىنچى مىسرادىكى «چاي» ئىچكى قاپىيە، ئىككىنچى مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى «تەڭ كۆرسەم» بىلەن تۆتىنچى مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى «كۆيدۈرسەم» تاشقى قاپىيە بولۇپ، بۇلار ئۆز-ئارا گىرەلىشىپ بۇ بىر كۇپلېت قوشاقنى مۇستەھكەم قۇرۇلمىغا ئىگە قىلغان، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى يەككە ئىجرا قىلىشقىمۇ ياكى مەزمۇن ۋە ئاھاڭ يېقىنلىقى بويىچە يۈرۈشلۈك قىلىپ ئۇلاپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

يەككە شەكىلدە قوشاقتىن ھۆزۈرلىنىش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئېنىق پىكىر، مۇقىم ۋەقەلىكنى ئىپادە قىلغۇچى مەلۇم تېمىدىكى قوشاقلار، مەلۇم بىر ئاھاڭدا كەينى-كەينىدىن ئۇلاپ ئېيتىلىدۇ. ئاھاڭدا ئۆزگىرىش ياساش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلمايدۇ، بۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ قەدىمىي شەكلى بولۇپ، بۇنىڭغا تارىخىي ئىشلار بىلەن داستان تۈسىنى ئالغان ناخشىلار قاتارىدا سۆيگۈ ۋە ئەمگەك تېمىسىدىكى ناخشىلارمۇ مىسال بولالايدۇ، بۇ شەكىل ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدا، ئۇزۇن سەپەرلەردە ئۆزىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ئاساسەن سەھنە شەكلىگە ئايلىنىپ قالدى.

يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن شەكىلدە ئاھاڭدىن ھۆزۈرلىنىش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، مەزمۇن ۋە ئاھاڭ جەھەتتىن يېقىنلىقى بويىچە تۆت-بەشتىن، توققۇز-ئونغا قەدەر ناخشا بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ ئېيتىلىدۇ. ھەر بىر ناخشىدا بىر كۇپلېت ئېيتىشپ كەتسە، ئىككى كۇپلېت قوشاق ئېيتىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، ئاھاڭدىن ھۆزۈرلىنىش تەلىپىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ شەكىل ناخشىچىلارنىڭ قوشاق بايلىقىنىلا سىناپ قالماي، خەلق ناخشىلىرىغا بولغان مۇكەممەللىكنى ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى، ئاۋازىنىڭ ساپ ۋە يېقىملىقلىقىنىمۇ سىنايدۇ. ئىلى خەلقى ناخشا-سازغا ھېرىسمەن، چاقچاقخۇمار خەلق. ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشى ناخشا-مۇزىكا ۋە چاقچاقتىن ئىبارەت ئىككىلا باسقۇچتىن تەركىب تاپىدۇ، يەنى بىر يۈرۈش ناخشا-مۇزىكىدىن كېيىن بىر نۆۋەت چاقچاقلىشىش ئاساسىدا دەۋر قىلىدۇ، ئۇسسۇل ئوينالمايدۇ.

ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئاھاڭ يېقىنلىقىنى ئاساس قىلىپ جەمئىي 12 بۆلۈم قىلىپ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن. ھازىر ئىلى خەلق ناخشىلىرى سورۇنلاردا ئورۇنلانسا مۇشۇ شەكىل بويىچە يۈرۈشلۈك قىلىپ ئورۇنلىنىدۇ. بۇ ناخشىلار ھەر بىر ناخشىنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدىن چۈشۈرگە قىلىپ، ئېيتماقچى بولغان ئىككىنچى ناخشىنى ئۇلاپ ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىلى خەلق ناخشىلىرىغا خۇددى «ئون ئىككى مۇقام»غا ئوخشاش چوڭ نەغمە قىسمىدىكى چۈشۈرگە چۈشۈرۈلگەن. ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۇدار-رىتىملىرىنىڭ ئۆز جايىغا چۈشۈشى، كېمىيىپ ياكى ئېشىپ كەتمەي، گارمونىيەلىك ئىپادىلىنىشى مېلودىيەلىرىنىڭ زىل ۋە لىرىك جۇشقۇنلۇققا تويۇنۇشى، كۆي شەكلىنىڭ جانلىق ۋە ئىستىرېئولۇق سېزىمغا ئىگە قىلىنىشى، قاڭقىپ ئېيتىش، كۆتۈرۈپ ئېيتىش، ئويىنتىپ ئېيتىش، قىسىپ ئېيتىش ۋە مۇڭ بېرىپ ئېيتىشتەك جەزبىدار سەنئەت ئۇسلۇبى ناخشىلارغا تىلدا ئىپادىلەپ بېرىش تەس بولغان لىرىك مۇڭ ۋە جەلپ قىلىش قۇدرىتى بەخش ئەتكەن. بىز بۇ خىل سەنئەت ماھارىتىنى يۈرۈشلەشكەن ناخشىلارنىڭ ئۆزئارا ئۇلىنىشىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنەلەيمىز. مەسىلەن،

چەبىيات مۇقامىنىڭ «داپ نەغمە» قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن «لەيلۇن» يۈرۈشىنىڭ ئاھاڭ تۈرلىنىشلىرى تۆۋەندىكىدەك ئۇلاپ چېتىلغان. «لەيلۇن» يۈرۈشى

1-ئۆزگىرىش: «لەيلۇن 1»

زىمىستان كۆرمىگەن (ۋاي) بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
(ۋاي باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس)
جاپانى چەكمىگەن (ۋاي) ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.
(ۋاي ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس)

يۇقىرىقى بىرىنچى ئۆزگىرىش شۇ يەردە تۈگىشى بىلەن ئاخىرقى ئىككى مىسراسى ئىككىنچى ئۆزگىرىشنىڭ بېشىدا تەكرار ئېيتىلىپ، ئالدىنقى مىسرا ئۆز ئاھاڭى بويىچە، كېيىنكى مىسرا ئاھاڭ جەھەتتىن نەپەس ئەگىتىلىپ، كېيىنكى ئۆزگىرىشنىڭ ئاھاڭى چىقىرىلىدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىككىنچى ئۆزگىرىشنىڭ ناخشا تېكىستى يېڭى

ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ.

2 - ئۆزگىرىش: «لەيلۇن 11»

جاپانى چەكمىگەن ۋاي ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس،
جاپانى كىم تولا تارتسا،
گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.
(گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن، ئايارەي تاشتىن)
گۆھەرنى ئالغۇچە تاشتىن،
(خانلەيلۇن ئايارەي)،
نە سەۋدا ئۆتىدۇ باشتىن.

ئىككىنچى ئۆزگىرىش شۇ يەردە ئاخىرلىشىپ، ئۈچىنچى ئۆزگىرىشكە ئۆتىدىغان ۋاقىتتا يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك، ئىكككىنچى ئۆزگىرىشنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى بىر قېتىم تەكرارلىنىپ، ئالدىنقى مىسرا ئۆز ئاھاڭلىرىدا، كېيىنكى مىسرا يەنە نەپەس ئەگىتىلىپ ئۈچىنچى ئۆزگىرىشنىڭ ئاھاڭى تارتىپ چىقىرىلىدۇ. دېمەك، يۇرۇشلەشكەن ناخشىلارنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە ئۆزگىرىدۇ.

بۇ يۇرۇشنىڭ ناخشا تېكىستلىرىلا ئەمەس يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ناخشىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ تېكىستلىرى مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن تاللاپ ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلاردا ۋىسال تەشنالىقى، ھىجران قايغۇلىرى ئىنتايىن ئوبرازلىق ۋە جۇشقۇن ئىپادىلەنگەن.

**4. ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىنىڭ يەرلىك پۇرىقى كۈچلۈك، بەدىئىي ۋاستىلەرگە تويۇنغان.**

ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىرداش دوستى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ھەر بىر مىسرادا رومانتىك ھېسسىيات ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

كاككۇكلار كېلىپ قوندى،
يىقىملىق ئۈنى بىلەن.
بىزنىڭ يار كېلەر ئەمدى،
دېيىشكەن كۈنى بىلەن.

ئىلى خەلق ناخشىلىرىدا تەسۋىرلەنگەن تەبىئىي مەنزىرە، يەر - جاي، تاغ - دەريا ئىسىملىرى ۋە ئىلى خەلقىنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئۆرپ - ئادەت، پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىلى شىۋىسى قاتارلىقلار ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلغان. مەسىلەن،

ياخشى ئاتنى مىنگەندە،
قولۇمدا قامچا.
شول يارىمغا يارىشىپتۇ،
پوپۇش تىزلامچا.
هاراق ئىچتىم، بوزا ئىچتىم،
هاشىخان داڭلىق بىلەن،
ئاچچىقى كەلسە ئۇرادۇر،
قەلقەي ياغلىق بىلەن.
بىنەمنىڭ يولى دەيدۇ،
ئېدىر - ئېدىرى تۆلكە.
قارا كۆز چىقىپ كەلدى،
بەدەن - بەدىنى كۆلكە.

قاتارلىق قوشاقلار ئىلى خەلق ناخشىلىرىغا، ئىلى دىيارىغا خاس يەرلىك پۇراق بەخش ئەتكەن. ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، قوشاقلار ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن سۆز سەنئىتىدۇر، ئۇنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتىدىكى كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ ئوبرازلىق سەنئەت ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

ئىلى خەلق ناخشىلىرى تېماتىك مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، تىلىنىڭ جانلىق، راۋان، ئاممىباپلىقى، ئوبرازلىرىنىڭ روشەن، جەلپ قىلارلىق بولۇشى، ئىخچام، يەڭگىل تۈزۈلۈشكە ئىگە ئىكەنلىكى، تىلنى بېزەش ۋە تۈزەش قورالى بولغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. تۆۋەندە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىدىكى بەزى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى كۆرۈپ باقايلى.

### ئوخشىتىش

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇل ئىلى

خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستىدىكى پېكىرلەرنى كونكرېت. جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا تەسۋىرلىمەكچى بولغان شەيئىنى ئىككىنچى بىر نەرسىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسلىنىپ تەسۋىرلەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئېستېتىك لەززەت بېرىدۇ. مەسىلەن، «كىچىك ئايلىخان» ناخشا تېكىستىدە:

ئاق ئالما قىزارغاندەك،
قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم.
ناۋات بىلەن يۇغارغاندەك،
شېرىن سۆزلۈكۈم يارىم.

دېمەك، يۇقىرىقى قوشاقتا ئۆز يارىنىڭ يۈزىنى ئالمانىڭ قىزىرىشىغا، سۆزىنى ناۋات سۈيىگە ئوخشىتىپ تەرىپلەپ كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلغان.

ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا كۆپىنچە ئۆزى سۆيگەن يارىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى قىزىلگۈل، بۇلبۇل، چىنار قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا خېلى كۆپ تەسۋىرلىنىدىغان سىمۋوللۇق ئامىللار. مەسىلەن، «چوڭ ئايارەي» تېكىستىدە:

بۇ چىنار، نازۇك چىنار،
تەگمەڭ ئۇنىڭ شاخى سۇنار،
شاخى سۇنسا مەيلىغۇ،
بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونار.

قوشاقلاردا يار قىزىلگۈل ۋە بۇلبۇللارغا سىمۋول قىلىنغان.

ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرىدا قوللىنىلغان مۇبالىغە ئۇسۇلى شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى قەستەن ئاشۇرۇش ياكى كىچىكلىتىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى قوشاقتا ئىپادىلەنگەن لىرىك ھېسسىياتنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، «گۈللەيلۇن» ناخشا تېكىستىدە:

يارىمنى كەپتۇ دېسە،
يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن.
يارىم يۈرگەن كوچىغا،
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.

بۇ قوشاقلاردا كۈچلۈك مۇبالىغە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، يارنى سېغىنىش ۋە يارغا بولغان تەلپۈنۈش ھېسسىياتلىرى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

### سېلىشتۇرۇش

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان. بۇ ئارقىلىق قوشاقلارنىڭ ئوبرازچانلىقى، جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇشتا ۋە ئوي - پىكرنى ئېنىق ھەم جانلىق ئىپادىلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، «چوڭ لەيلۇن» تېكىستىدە:

ئاسماندا يۇلتۇز تولا،
بىر - بىرىگە ئوخشىماس.
ئالەمدە ئادەم تولا،
سەن يارىمغا ئوخشىماس.

### تەكرارلاش

بۇ خىل ئۇسۇلدا ئوخشاش ئىبارىنى تەكرارلاش ئارقىلىق ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «ئاق بېلىق» ناخشا تېكىستىدە:

ئاق بېلىق ئاپپاق بېلىق،
ئاپتاپتا ياتقىنىڭ قېنى.
مېنى يامان دەپ بىلىپ،
ياخشىنى تاپقىنىڭ قېنى.

بۇ قوشاقتا «ئاق بېلىق» سۆزى تەكرارلىنىش ئارقىلىق بېرىدىغان ئېستېتىك زوق تېخىمۇ كۈچەيگەن.

دېمەك، ئىلى خەلق ناخشىلىرى چوڭقۇر ۋە كەڭ تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن ئاھاڭىنىڭ يېقىملىقلىقى، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان سېھرىي كۈچى ئارقىلىق يىراق - يېقىنغا تونۇلغان. بۇ ناخشا - مۇزىكىلار ئىچىدىكى مۇڭلۇق ناخشىلار كىشىلەرنىڭ ئوي - پىكرىنى، ئويغىتىپ ھەرقانداق ئادەمنى ئۇسسۇلغا سالالايدۇ.

ئىلى خەلقىنىڭ بىر پۈتۈن تۇرمۇش كارتىنىسىنى ناھايىتى تارتىملىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن يۇقىرىقى بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ، بىر پۈتۈن ناخشا ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن ۋە ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس بولۇپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆچمەس سەنئەت مىراسى بولۇپ قالغان.

(ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# خوتەن بوستانلىقى



**ئابلەت ياسىن**

تەكلىماكان قۇملۇقى باغاشلاپ تۇرغان خوتەن بوستانلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقتە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، غەربىي جەنۇبتا كەشمىر رايونى، غەربتە قەشقەر، شىمالدا ئاقسۇ ۋە تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 247 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 9730 كۋادرات كىلومېتىرلىق بوستانلىققا ئىگە. يېشىل مەرۋايىت، تارىختا خوتەننىڭ «قاشتېشى دىيارى، شايى-ئەتلەس ماكانى، گىلەم يۇرتى» دېگەن چىرايلىق ناملىرى بار. قاشتېشى، گىلەم ۋە ئەتلەس خوتەننىڭ ئۈچ گۆھىرى دەپ شۆھرەت قازانغان.

قاراقورۇم تاغلىرىدىن سۇغىرىلىدىغان بۇ ماكاندا ئاجايىپ ھاسىلاتلار روياپقا چىققان. قاشتېشى، قاراقورۇمنى ئۆزىنىڭ ئانا مەنبەسى قىلىپ كەلگەن. مۇناسىۋەتلىك بەزى مەلۇمات ۋە رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خوتەن قاشتېشى بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا قېزىلىشقا باشلىغان بولۇپ، تاۋار سۈپىتىدە سىرتقا توشۇلۇشقا باشلىغان، يىپەك يولى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان خوتەن بوستانلىقى ۋە قارا قۇرۇم تاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغان توخرىلار بىلەن ساكلار قاشتېشى سودىسى ئارقىلىق ئاچقان يول بولۇپ، ئۇ يىپەك يولى ئەمەس، قاشتېشى يولى دەپ ئاتىلىشقا تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىدى.

كەڭرى كەتكەن دەريا ئېقىنلىرىدىكى مەڭلىغان كىشىلەرنىڭ بەس-بەستە خوتەن قاشتېشى ئىزدەۋاتقان

كۆرۈنۈشى، دوقمۇش-دوقمۇشلاردا قىزىپ كەتكەن خوتەن قاشتېشى سودىسى، ئۈزۈلمەي دېيىلۋاتقان خوتەن قاشتېشى ھەققىدىكى پاراڭلار سىزنى سۆيۈمسۆزۈك خوتەن قاشتېشى دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ.

سىرىس ئىلى يەنى يىپەك ئىلى دەپ ئاتالغان خوتەن ھەققەتەن ئىسمى-جىسمىغا لايىق يىپەك، شايى-ئەتلەس ماكانىدۇر. خوتەننىڭ يىپەكچىلىك تارىخى تولىمۇ ئۇزاق بولۇپ، قەدىمدە ئۇدۇن دەپ ئاتالغان بۇ يۇرت غەربىي دىياردا ئەڭ بۇرۇن پىلە قۇرتى بېقىپ، ئۇنىڭدىن يىپەك ئىشلەپ چىقارغان.

دۇنياغا مەشھۇر سودا يولى بولغان يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلىكى جەنۇبىي لىنىيەسىنىڭ خېلى ئۇزۇن قىسمى خوتەن تەۋەلىكىدىن ئۆتكەن، سودا كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرمىلىرى قەدىمىي يىپەك ماكانىنى ئاۋات قىلىپ تۇرغان.

يىپەك جۇلالىقى، كۆركەملىكى، ئاسان ئۆڭمەيدىغانلىقى، سىلىق، سىپتىلىقى، نۇر قايتۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى قاتارلىق بىر قاتار ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. يىپەكچىلىكىمىزنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بولغان لوپ ناھىيە جىيا يېزىسىدا سىز يەرلىك كىشلەرنىڭ ھويلىسىدا، ھەر بىر ھالقىسى پۈتۈنلەي ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بېرىلغان يىپەك تارتىش، بوياشتىن تارتىپ، ئۆرۈش، يىپ تەييارلاش، تاناپقا ئېلىش، ئارقاق تەييارلاش، گىرە قىلىش، قەۋەت ئايرىش، شانا ھالقىسمان ئۆتكۈزۈش، گۈل بېغى باغلاش، توقۇش، پەردازلاش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەتلەس توقۇش ھۈنەر-سەنئىتىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرەلەيسىز. ھەر بىر ئىش ھالقىلىرىغا مۇجەسسەملەنگەن ئاجايىپ كامالىغا يەتكەن ھۈنەر ماھارىتىدىن نەق مەيداندا ھۇزۇرلىنالايسىز، سىز بۇ يەردە ھېچقانداق سۈنئىي تەركىب، خىمىيەلىك ئارىلاشمىلار قېتىلمىغان، بەدەنگە زەرەرسىز، قويۇق مىللىي مەدەنىيەت پۇرىقىغا تويۇنغان ھەر خىل رەڭ ۋە نۇسخىلاردىكى ئەتلەس رەختلەرنى، ئەتلەس، شايى شارپىلارنى، ئاق شايى ۋە رەڭدار شايى، بەقەسەم قاتارلىقلارنى تاللاپ سېتىۋالالايسىز. قارا ئەتلەس، قىزىل ئەتلەس، قىزىل تۇمشۇق قارا ئەتلەس، يېشىل تۇمشۇق قارا ئەتلەس، زۆتىنە ئەتلەس، كەلكۈن نۇسخا ئەتلەس، جەينەك گۈل ئەتلەس، قوش يۈرەك نۇسخا ئەتلەس، چاچتەڭگە نۇسخا ئەتلەس قاتارلىق رەڭ ۋە شەكىل ئاجايىپ ماس كەلگەن. ئەتلەس ھەققىدىكى سېھرىلىك رىۋايەتلەرنى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلىيالايسىز، ئۇلار بىلەن تەڭ ئەتلەس توقۇشقا قاتنىشىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ چەكسىز جەلپ قىلىش كۈچىدىن ۋە قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان تاتلىق سېزىملەردىن بەھرىمەن بولالايسىز.

گىلەم خوتەننىڭ يەنە بىر ئۆزگىچە بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. خوتەن گىلىمى بىر تەرەپتىن ئىستېتىك قىممەتكە، بىر تەرەپتىن ئەمەلىي ئىشلىتىشچانلىققا ئىگە بولۇپ قالماي، يەنە ناھايىتى يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكىمۇ ئىگە. ئۇ نۆۋەتتە خوتەننىڭ ئەڭ تۆۋرۈكلۈك ساياھەت بايلىقى بولۇپ، خوتەننىڭ ئۆزىنى تەشۋىق قىلىش، ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى كوزىر مەھسۇلاتىدۇر.

سىز خوتەندىكى قايسىبىر ئائىلىگە كىرمەڭ، ھەممىسىنىڭ ھويلىسىغا قويۇلغان گىلەم توقۇش سېخى — دەستگاھقا كۆزىڭىز چۈشىدۇ. ئىشچان ۋە پاراسەتلىك خوتەن خەلقى ئەسىرلەردىن بېرى ئۆز كۆڭۈل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى تۈرلۈك رەڭلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، يۈكسەك گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەردىن بىرىككەن. گىلەمگە توقۇپ چىققان. سىز ئۇنىڭدىن باياشات تۇرمۇشنىڭ يىراق سىماسىنى ھېس قىلالايسىز. يەرلىك كىشلەر بىلەن دەستگاھ ئالدىدا دەرقەمدە ئولتۇرۇپ گىلەم توقۇشقا قاتنىشالايسىز، يىپ ئۆرۈش، پەنجىلەش، قىرقىش قاتارلىق بىر قاتار گىلەم توقۇش تەرتىپلىرىگە ئۆز قولىڭىز بىلەن ئىشتىراك قىلىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سىزگە ئاتا قىلىدىغان تەسۋىرلىگۈسىز لەززىتىنى، ئانا دىيارنىڭ ئىلھامبەخش تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلالايسىز. يەرلىك كىشىلەرنىڭ قايناق ھېسسىيات، زوق-شوق بىلەن گىلەم پىرى نەقىشۋەن پىرىم ۋە ئۇنىڭ خوتەنلىك شاگىرتى گۈلەمخانغا ئۆز ھۈنىرىنى تەلىم قىلغانلىقىدەك ئاجايىپ سېھرىلىك ھېسسىياتقا باي رىۋايەتلىرىنى ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇغان ھالەتتە بېرىلىپ ئاڭلايسىز. كەلكۈن، يولتۇز، شام، ئانارگۈل، بەش

www.uyghurkitap.com



چېچەك، چاچما، ئىران، لوڭقا، ئەدىيال، مەنزىرە، ئىلھام، كېپىنەك نۇسخا قاتارلىق گىلەملەردىن مېھرىڭىزنى ئۈزەلمەيسىز. قاراپ - قاراپ تويمايسىز. خوتەن گىلىمى سىزنى رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن تولغان. قۇشلار زوق - شوق بىلەن خەندان ئۇرۇۋاتقان، مەست قىلغۇچى پۇراقلىرى ئەتراپقا تولغان چاھارباغقا باشلاپ كىرىدۇ. ئۇ سىزنىڭ تۇيغۇڭىزنى ئۆزىنىڭ گۈلزارلىقى بىلەن رام قىلىۋالىدۇ، ئۇيغۇر سودا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ جانلىق تۈرلىرىدىن بولغان چاربازارنىڭ مەنبەسى قەدىمكى كارۋانلارغا باغلىنىدىغان بولۇپ، ھەرقايسى ئۆتەڭلەردىكى قايىنىغان سودا ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدىن سانىلىدۇ، مانا مۇشۇ دەملەردە سىز خوتەندە ئەنە شۇ يىراق ئۆتمۈشتىن تارتىپ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ، ئۈزلۈكسىز بېيىپ كەلگەن، شەرق سودا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ تىپىك نەمۇنىلىرىدىن بولغان، توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان چاربازارنى كەڭ - كۇشادە ئايلىنالايسىز. يەكشەنبە بازار، شەنبەبازار، چارشەنبەبازار دېگەندەك تاۋارلار تولۇپ تاشقان، كىشىلەر قىستىلىشىپ، مىغىلداپ يۈرگەن قايناق بازار كۆرۈنۈشلىرىدىن، سودىگەرلەرنىڭ ئۆز تاۋارلىرىغا خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراۋاتقان ئاجايىپ ئۆزگىچىلىككە ئىگە، دۇنيا سودا مەدەنىيىتىدە كەم ئۇچرايدىغان ھالەتلەردىن قانغۇچە ھوزۇرلىنالايسىز.

26 - نۆۋەتلىك خەلقئارا مىللىي ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش، سەنئەت فېستىۋالىغا قاتناشتۇرۇلۇپ كاتتا شۆھرەت قازانغان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ باھالانغان خوتەن قەغىزى ياساش تېخنىكىسى، كىگىزچىلىك قاتارلىق مول ھۈنەر تېخنىكىلىق تۈرلەر، كۇيا پىچىقى، قاپاق سىزمىچىلىقى، كەشتىچىلىك قاتارلىقلار خوتەننىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنى بېيىتىپ تۇرىدۇ.

گۆھەر زېمىن خوتەندە يەنە خوتەن ياڭىقى، پىيالما، چىرا ئانىرى، قىزىل ئۈزۈم، كۆك شاپتۇل، ئەندىر قوغۇنى قاتارلىق داڭلىق مېۋە - چېۋىلەر تولۇپ ياتقان. سىز خوتەندە يەنە ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ داۋالاش ئۈنۈمنى، كۈچ - قۇدرىتىنى ھېس قىلالايسىز.

قەدىمىي دىيار خوتەن ئۇ ئۆزىدىكى مول ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى، تىرىك مەدەنىيەت ھاسىلاتلىرى بىلەن ھەقىقەتەن بىر بوستانلىق، ھۈنەر - سەنئەت ماكانى بولۇشقا لايىق.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى، مىللەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى)



# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۈنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 — 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



# ئاتچىلىق مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

**ئابدۇخېلىل مىرخېلىل**
(ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئادەمىيەت تارماق ئىنىستىتۇتى تارانچى مەدەنىيىتى تەتقىقات بازىسىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى)

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**ئاتقا بېرىلىدىغان يەم - بوغۇزلار**

ئەجدادلىرىمىز ئات ئىشلىتىش جەريانىدا ئات بېقىش ۋە ئات پەرۋىشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئاتنى ئۇلۇغلاشنىڭ تىپىك نەمۇنىسىنى يارىتقان. ئۇلار ئاتنىڭ يېمەكلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئاتنىڭ يېمەك - ئىچمىكىدىمۇ مۇكەممەل بولغان بىر خىل خاسلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئەجدادلىرىمىز خېلى بالدۇرلا ئاتنىڭ يېمەكلىكىنى بوغۇز ۋە يەم دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىپ، ئارپا، سۇلۇ، قوناق، ئارپىخان قاتارلىق ئاشلىقلاردىن تەييارلانغان ئات يېمەكلىكىنى بوغۇز، ئوت، بېدە ۋە ساماندىن ئىبارەت تەبىئىي زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن تەييارلانغان ئات يېمەكلىكىنى يەم دەپ ئاتىغان، بوغۇزنى ئاتنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى قىلىشنى، يەمنى قوشۇمچە يېمەكلىكى قىلىشنى بىلگەن ھەم بۇلارنى ئاتلارغا بېرىش سىزۇنىنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئاتنىڭ ساغلام ۋە سېمىز بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان. بوغۇزنى كۆپىنچە ھاللاردا سەپەر ئاتلىرىغا ھەم بەيگىگە سېلىنىدىغان ئاتلارغا بېرىلگەن، دېھقانچىلىققا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئاتلارغا ئادەتتە يەم بېرىلگەن، پەقەت دېھقانچىلىق ئىشلىرى جىددىي ھالەتكە ئۆتۈش ئالدىدا ۋە ئەمەلىي ئىش جەريانىدا بېرىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

ئارپا: باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى كەڭ ھەم يېپسىمان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دېنىنىڭ شاكىلىدا ئۇزۇن قىلتىرىقى بولىدۇ. ئۇ بىر خىل ئاشلىق زىرائىتى بولۇپ، ئۇن تارتىلىپ ئاش ـ نان تەييارلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئاتقا بوغۇز ئورنىدىمۇ بېرىلىدۇ، ئارپىنىڭ يالىڭاچ ئارپا دېگەن بىر تۈرى بولۇپ، بۇ ئارپىنىڭ دېنى چوڭ، پوستى نېپىز كېلىدۇ. ئاساسەن چىڭخەي، شىزاڭ قاتارلىق جايلاردا تېرىلىدۇ. ئىستېمال قىلىشقىمۇ، ھاراق ئېچىتىشقىمۇ بولىدۇ. خەلقىمىزدە «ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر، سامان يېسۇن كاللار. ياخشى تاپساڭ ئۆزۈڭ يە، تېپىپ يېسۇن باللار»، «ئارپىلىقتا ئامانەي، بۇغدايلىقتا سامانەي. خورازلىرى دۈم يېتىپ، مېكيان قىچقارغان زامانەي»، «ئات بېشى ئارپا نېرىنىدا ھاردى ئات، ئات ھېرىپ، ئاتنىڭ ئىگىسىنى قىلدى مات»، «تەلەيسىز بۇغداي تەرسە، ئارپا ئۈنۈپتۇ»، «ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر، قىزىلڭ بولسا ياتقا بەر»، «ئارپا، بۇغداي تولۇمدا، يېتىم بالا بولۇڭدا»، «ئارپا ـ بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقان قېرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ»، «ئارپىنى ئورۇپ بولدۇق، بۇغداي ئورىمىز ئەمدى. كۆز ئاخىرى قىش كىرسە، قانداق ئۆتىمىز ئەمدى»، «ئارپا ـ تېرىق ئاش ئىكەن، ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن»، «ئارپا تېرىپ بۇغداي ئالمەن دىمە»، «ئارپا جامدا پۇل، كۆمۈر كاندا پۇل»، «ئارپا نېنىدىن گىردە ياخشى، قۇرۇق گەپتىن جىگدە ياخشى»، «ئارپا ئىچىدە بىر بۇغداي»، «ئارپا يەتمىش كۈندە پىشار، بۇغداي توقسان كۈندە پىشار»، «ئارپىسىز ئات داۋان ئاشالماس، قاناتسىز قۇش ئاسمان قۇچالماس»، «ئارپىنى ياش ۋاقتىدا سۇغار، بۇغداينى باش ۋاقتىدا سۇغار»، «ئارپىسىز ئاش بولماس، چارىسىز ئىش بولماس» دېگەن ماقال ـ تەمسىل ۋە قوشاقلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

سۇلۇ: باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن ھەم ئۇچلۇق. گۈلى يېشىل كېلىدۇ. كىچىك باشاقلىرىنىڭ ئۇزۇن قىلتىرىقلىرى بولىدۇ. دېنىدىن ئۇن قىلىنىپ يېگىلى ۋە ئات ـ ئۇلاققا بوغۇز ئورنىدا بەرگىلى بولىدۇ. سۇلۇنىڭ يالىڭاچ سۇلۇ دېگەن تۈرى بولۇپ، كۆرۈنۈشى سۇلۇغا ئوخشايدۇ، لېكىن كىچىك باشاقلىرىدىكى گۈللەرنىڭ سانى كۆپ بولىدۇ. دېنى پىشقاندىن كېيىن چانىقىدىن ئاسانلا ئايرىلىپ چۈشىدۇ. ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا، دېنىدىن ئۇن تارتىپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «سەن سالا، مەن سالا، ئاتقا سۇلۇنى كىم سالا» دېگەن ماقال كەلگ تارقالغان.

قوناق: قوناق ئاق قوناق بىلەن كۆممىقوناقنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، كۆممىقوناق ــ باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مۇھىم ئاشلىق تۈرىگە كىرىدۇ. كىراخمال ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. ئاق قوناق ــ باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، مۇھىم ئاشلىق تۈرىگە كىرىدۇ. كىراخمال ئېلىشقىمۇ بولىدۇ، ئاق قوناقنىڭ چىلگە قوناق، ئات چىشى قوناق دېگەن تۈرلىرى بار.

ئارپىخان: باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. شەكلى ئارپىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يوپۇرمىقى سەل ئۇزۇن، گۈلى كىچىك باشاقسىمان گۈل رېتىگە كىرىدۇ. باشقى تۆۋەنگە ساڭگىلىغان ھالەتتە ئۆسىدۇ، رەڭگى يېشىل كېلىدۇ، ئاتقا بوغۇز ئورنىدا بېرىلىدۇ.

ئوت: غولى ياغاچلاشمايدىغان ئوتخۇر ھايۋانلار ياشاش جەريانىدا يەيدىغان قىياق تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «قويۇۋەتتىم ئېتىمنى، ئېرىق بويى قىياققا. سەن يارىمغا باغلىنىپ، كېتەلمىدىم يىراققا» دېگەن قوشاقلار ئۇچرايدۇ.

بېدە: پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئاساسەن چارۋا ماللار ئۈچۈن ئوت ـ چۆپ قىلىنىدۇ، دېھقانچىلىقتا يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بېدىنىڭ چىلگە بېدە ۋە قاشقا بېدە دېگەن تۈرلىرى بولىدۇ.

ئوت: غولى ياغاچلاشمايدىغان ئوتخۇر ھايۋانلار ياشاش جەريانىدا يەيدىغان قىياق تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «قويۇۋەتتىم ئېتىمنى، ئېرىق بويى قىياققا. سەن يارىمغا باغلىنىپ، كېتەلمىدىم يىراققا» دېگەن قوشاقلار ئۇچرايدۇ.

سامان: بۇغداي، شال، ئارپا ۋە تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ خاماندا تېپىلىپ، تاڭ سەھەرنىڭ كۈچلۈك شامىلىدا سورۇلۇپ، دېنى ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن قېپقالغان غول ۋە يوپۇرماقلىرىنىڭ قالدۇق قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئاتنىڭ جابدۇقلىرى

ئەجدادلىرىمىز ئاتنى مىنىش ۋە ھارۋىغا قېتىش ئۈچۈن ئېگەر ـ توقۇم، قۇشقۇن، تارتما، نوختا ـ يۈگەن،

بەلباغ - لەندازا، بوغا - جاۋەن، بوجا - بۇيلا قاتارلىق جابدۇقلار بىلەن ئىشلەتكەن. ئۇيغۇرلار ئات توپىنى ۋاستە قىلىپ يۈك ياكى ئادەم توشۇپ كىراكەشلىك قىلىدىغان كىشىنى ئاتچى، ئات توپىنى ۋاستە قىلىپ يۈك ياكى ئادەم توشۇپ كىراكەشلىك قىلىدىغان كەسىپنى «ئاتچىلىق» ياكى «ئات كارۋانچىلىقى» دەپ ئاتىغان. كۆپ ھاللاردا توپ - توپى بىلەن ئات يۆتكەپ ساتقۇچىنىمۇ ئاتچى ۋە بۇ كەسىپ نامىنىمۇ ئاتچىلىق دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار. ئات بېقىش، بابلاش، بەيگىگە ئات يارىتىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارغا بېرىلىدىغان ئات ھەۋەسكارلىرىنى «ئاتپاز» دەپ ئاتايدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ، ئىلگىرى خان، پادىشاھ ئوردىلىرىدىكى ئاتلارنى باقىدىغانلارنىڭ باشلىقى «مىراخور» دەپ ئاتىلاتتى.

تۆۋەندە ئات جابدۇقلىرى ۋە ئېگەر جابدۇقلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ:

يۈگەن: يۈگەن ئات، ئېشەك ۋە قېچىر قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ بېشىغا سېلىنىدىغان، جوجەي، ھالقا، تىزگىن، قىسقىيان، ئۈزۈنيان، تاماقلىق، چېكىلىك، ساقالدۇرۇق ۋە تىشلىق قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىبلىنىدىغان ئات باشقۇرۇش جابدۇقى بولۇپ، ئاساسەن 12 تالدىن 16 تالغىچە بولغان تاسما تىلىكچىسىدىن ياپىلاق، قوش، نوخۇرا ۋە قامچا ئۆرۈم شەكىللىرىدە ئۆرۈلۈپ تەييارلانغاندىن سىرت، يۇڭ يىپتىن توقۇلغان ياپىلاق كاشا، ئەن تاسما قاتارلىقلاردىنمۇ ياسىلىدۇ. خېچىر ۋە ئېشەكلەرنىڭ يۈگىنى ئۆزىگە لايىق قىلىنىپ، يۇقىرىقى ئۇسۇلدا توقۇلىدۇ ياكى ئۆرۈلۈپ تەييارلىنىدۇ، يۈگەننىڭ پور قويۇپ زىننەتلىنىپ ئىشلىتىلىدىغان يەنە بىر تۈرى بولۇپ، پورلۇق يۈگەن دەپ ئاتىلىدۇ.

جوجەي: ئېغىزدۇرۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۈگەننىڭ ئات ئېغىزىغا سېلىنىدىغان، تۆمۈر ياكى مىستىن ياسىلىدىغان بۆلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھالقىلىق جوجەي ۋە پورلۇق جوجەي دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ھالقىلىق جوجەي: ئېغىزدۇرۇق ھالقىسى ئۈزۈن - قىسقا يان تاسمىلار بىلەن بىۋاستە ئۇلىنىدىغان جوجەيدىن ئىبارەت.

پورلۇق جوجەي: ھالقىلىرىغا پور قويۇلغان ياكى پور قويۇپ ئىشلەنگەن جوجەيدىن ئىبارەت.

قىسقىيان: يۈگەننىڭ ئېغىزدۇرۇقتىن ئات ئېڭىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى بويلاپ تارتىلغان قىسمىدىن ئىبارەت.

ئۈزۈنيان: يۈگەننىڭ ئېغىزدۇرۇقتىن تەڭ يۇقىرىغا چىقىپ سول ئېڭەك بىلەن قۇلاق تۈۋىدىن ئاشۇرۇپ ئورنىتىلغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

تاماقلىق: يۈگەن ۋە نوختىلارنىڭ تاماق بويلاپ باغلانغان بېغىدىن ئىبارەت بولۇپ، چەكرەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

چېكىلىك: يۈگەن - نوختىلاردا ئات ۋە ئېشەكلەرنىڭ چېكىسىگە توغرا كېلىدىغان بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

تۇمشۇقلۇق: يۈگەن - نوختىلارنىڭ ئات ۋە ئېشەكلەرنىڭ تۇمشۇقىغا كىيدۈرۈلىدىغان بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ساقالدۇرۇق: يۈگەن - نوختىلارنىڭ ئات ۋە ئېشەكلەرنىڭ بېشىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېڭەكنىڭ ئاستىغا بېكىتىلىدىغان بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ھالقا: ئېغىزدۇرۇقنىڭ ئىككى بېشىغا بېكىتىلىدىغان يۇملاق تۆمۈردىن ئىبارەت.

تىشلىق: ئاتنىڭ چىشى ئۈستىگە تارتىپ قويۇلىدىغان قوشۇمچە بوغقۇچ ياكى تانا يىپتىن ئىبارەت.

تىزگىن: ئىككى يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇق، ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى ئەن تاسما تىلىكچىسى ۋە يۇڭ، پاختا تانىسىدىن يۈگەننىڭ ئىككى تەرەپ تۆڭكىسىگە باغلىنىدىغان ھالقا شەكىللىك تەركىب بولۇپ، ئادەتتە ئات، ئېشەك، خېچىرلارنى باشقۇرۇش رولىغا ئىگە.

ئۇيغۇرلاردا «ئات بېشىغا كۈن چۈشسە يۈگەن بىلەن سۇ ئىچىدۇ، ئەر بېشىغا كۈن چۈشسە ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچىدۇ»، «ئەرسىز خوتۇن يۈگەنسىز بايتال»، «تۇرۇق ئاتنىڭ يۈگىنىنى، كىملەر ئۆرۈگەن. گۈلەمخاننىڭ توي كۈنىدە، بېشىم چۆرگەن»، «چار بازاردىن ئات ئالدىم، مىنىپ چىقتىم يۈگەنسىز. مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم، چىرايىمدىن بىلگەنسىز»، «سەمەن تۇرۇق، بوز ئايغىر، كۈمۈش جوجەي يۈگەنلىك. يار ئۆزىنى چوڭ تۇتسا، ئايرىلارمىز تۈگەللىك» دېگەن ماقال - تەمسىل ۋە قوشاقلار بار.

نوختا: نوختا ئات، ئېشەك، تۆگە ۋە قېچىر قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ بېشىغا سېلىنىپ، ئۇلارنى باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جابدۇق بولۇپ، ئادەتتە تۇمشۇقلۇق، تاماقلىق، ساقالدۇرۇق، چېكىلىك تەركىبلىرى يۈگەن بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. پەقەت چەكرەك،

2017.4

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شىلدىرما، مەرۋەت ۋە چۇلۋۇر قاتارلىق تەركىبلىرى پەرقلىق بولىدۇ. خېچىر، تۆگە ۋە ئېشەكلەرنىڭ نوختىسى ئۆزىگە لايىق قىلىنىپ، يۇقىرىقى ئۇسۇلدا توقۇلىدۇ ياكى ئۆرۈلۈپ تەييارلىنىدۇ. نوختا ئاساسەن 12 تالدىن 16 تالغىچە بولغان تاسما تىلىكچىسىدىن ياپىلاق، قوش، نوخۇرا ۋە قامچا ئۆرۈم شەكىللىرىدە ئۆرۈلۈپ تەييارلانغاندىن سىرت، يۇڭ يىپتىن توقۇلغان ياپىلاق كاشا، ئەن تاسما قاتارلىقلاردىنمۇ ياسىلىدۇ.

چەكرەك: نوختىنىڭ كېكىردەك بىلەن ئېڭەك ئاستىدىكى تۈگۈنچەك جايىنى كۆرسىتىدۇ.

شىلدىرما: ئات ۋە ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنى مىنىپ ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇش، شۇنداقلا ئات ۋە ئېشەك جابدۇقلىرىنى كۆركەملەشتۈرۈش ئۈچۈن، نوختا ۋە ئېگەرنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلىرىغا ئېسىپ قويۇلىدىغان كىچىك مېتال ھالقىلاردىن ئىبارەت.

مەرۋەت: يەنە بىر ئاتىلىشى ئەرگۈل بولۇپ، باغلاپ قويۇلىدىغان ھايۋانلارنىڭ بوغۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن نوختىنىڭ ئېڭەكلىكىگە بېكىتىلىدىغان ھالقىسىمان تۆمۈر بۇرمىدىن ئىبارەت.

چۇلۋۇر: چۇلۋۇر يەنە بىر نامى بۇيلا بولۇپ، ئات، ئۇلاغلارنىڭ نوختىسىنىڭ ئېڭەكلىكىدىكى شىلدىرمىدىن باغلىنىدىغان ئۇزۇنلۇقى ئىككى يېرىم مېتىردىن ئۈچ يېرىم مېتىرغىچە، كەڭلىكى تۆت سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى ئەن تاسما تىلىكچىسى، يۇڭ يىپىدىن توقۇلغان ياپىلاق كاشا ياكى كەندىر تالاسىدىن ئېشىلگەن باش بارماق توملۇقىدىكى ئارغامچىدىن تەييارلىنىدۇ. چۇلۋۇر يەنى بۇيلا تۆگە، كالا، قوتاز قاتارلىق كۆلۈكلەرنى باشقۇرۇش، باغلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. چۇلۋۇر ياكى بۇيلىنىڭ بىر ئۇچى تۆگە، كالا، قوتاز قاتارلىق كۆلۈكلەرنىڭ بۇرۇن يۇمشاقلىقىدىن تېشىلىپ، ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇككىمۇ باغلىنىدۇ.

ئېگەر: ئېگەر ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان ۋە تارىخى ئۇزاق ئات جابدۇقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋادىلىرىدا بۈيۈك ئات ئۈستى مەدەنىيىتىنى ياراتقان خەلقىمىزنىڭ تەڭداشسىز ئەقىل - پاراستىنىڭ تىپىك نامايەندىسىدۇر. ئېگەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئات مەدەنىيىتى ۋە ئاتقا مىنىش ئىشلىرىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ۋە روشەن خاسلىققا ئىگە ئات جابدۇقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئات مىنىش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئېگىرى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېگىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئېگەرنىڭ ياسىلىشى بولسۇن، شەكلى بولسۇن ياكى ماتېرىيالى جەھەتتىن بولسۇن روشەن ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئېگەر ئۇيغۇر سەرراپچىلىقى، ياغاچچىلىقى ۋە قىرمىچىلىقىدىن ئىبارەت قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان سەنئەتلىك ئات جابدۇق دەپ قارىلىدۇ. ئېگەرنىڭ شەكلى ئۆزگىچە، كۆركەم، چىرايلىق، چىداملىق ۋە نەپىس بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - سەنئەتكە پىشقان سەنئەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئېگەرگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇ دەۋرلەردىمۇ ئۇيغۇرلار ئېگەرنى كۆن، گىلەمگە ئوخشاش تېرە رەخت ۋە توقۇلمىلار بىلەن چىرايلىق بېزەپ قاپلاپ، مۇۋاپىق ئورۇنلىرىغا تۇچ، كۈمۈش، مىس، قاشتېشى قاتارلىق مەدەنلەردىن نەپىس نەقىشلەرنى چىقىرىپ زىننەتلەپ ئىشلەتكەن. ئېگەرچىلىك مەخسۇس كەسىپلەشكەن قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولۇپ، مەخسۇس ئېگەر ياساش ئىشىنى قىلغۇچىلار ئېگەرچى، مەخسۇس ئېگەر ياساش ئىشى ياكى كەسپىي ئېگەرچىلىك دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېگەرچىلىرىنىڭ ئېگەر ياساش ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئېگەر ئات ئۈچۈلۈقىنىڭ شەكلىگە ماسلاشتۇرۇلغان. بۇنداق ئېگەر ئاتنىڭ ئۈچىسىنى بېسىپ يېغىر قىلىۋەتمەيدۇ، ئاتقا مىنگەن كىشىگىمۇ ئالاھىدە سۆلەت ۋە راھەت بېغىشلايدۇ.

ئېگەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن قاش، قوڭقا، دولا، قاپتال، ئوشۇقچە، ئۈچۈلۈق، يانلىق، ئۈزەڭگىلىك ۋە تېرەكتىن ئىبارەت توققۇز بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ.

قاش: ئېگەرنىڭ ئادەمنىڭ ئالدى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان يايسىمان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

قوڭقا: ئېگەرنىڭ ئادەم ئولتۇرىدىغان ئويمان جايىنى كۆرسىتىدۇ.

قاپتال: ئېگەر ئۈچۈلۈقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى جەزلىكنى كۆرسىتىدۇ.

دولا: ئېگەر قېشىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىنىڭ ئېگەر قاپتىلىغا تۇتۇشىدىغان سەل كۆپچۈپ چىقىرىلغان بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچۈلۈق: ئېگەرنىڭ ئىككى قاپتىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇرچاق ئويماندىن ئىبارەت.

ئوشۇقچە: ئېگەرنىڭ قوڭقىسى بىلەن قاپتىلىنى

تۇتاشتۇرۇش رولىغا ئىگە بۆلەكتىن ئىبارەت.

يانلىق: ئېگەر قوڭقىسىدىن ئۈزەڭگىلىككىچە بولغان ئېقىملىق ئورۇننى كۆرسىتىدۇ.

ئۈزەڭگىلىك: ئۈزەڭگە بېكىتىش ئۈچۈن يانلىقنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىن ئۈزەڭگىلىكنىڭ تاسمىسىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئېچىلغان چاسا تۆشۈكتىن ئىبارەت.

تىرەك: ئېگەر قوڭقىسى بىلەن قاپتالنى تۇتاشتۇرۇش ۋە ئېگەر قوڭقىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش رولىغا ئىگە بۆلەكنى كۆرسىتىدۇ.

## قەدىمىي قۇش باشلىق ئېگەرنىڭ ياسىلىشى

قەدىمىي قۇش باشلىق ئېگەرنى ياساش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تالاسى پۇختا، چىدامچانلىقى كۈچلۈك بولغان قارا تېرەك ياغىچى تاللىنىپ، ياغاچچىلىق جابدۇقلىرى بىلەن تەلەپكە لايىقلاشتۇرۇلۇپ، ئۇزۇنلىرى 40 سانتىمېتىر، قىسقىلىرى بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچتىن ئون تۆت پارە يەنى 28 تال راسلىنىدۇ. راسلانغان ياغاچلار كەكە، نور كەكە بىلەن چېپىلىپ، ئېگەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. ئېگەر قېشى، ئېگەر قاپتىلى، ئېگەر ئۇچۇلۇقى، ئېگەر سوڭلۇقى، پەررە، دولا، ئېگەرنىڭ ئىككى يېنى، ئۈزەڭگە تۆشۈكلۈكى، تىرەك، ئوشۇقچە قاتارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، قوينىڭ قۇرۇتۇلغان پېيىنى ياغاچ توقماق بىلەن سوقۇپ، مەشۈت يىپىدەك تىتىپ، يار يېلىم بىلەن تەڭشەپ ئېگەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىگە تەكشى سۇۋاپ ئېگەر بۆلەكلىرىنى چىتىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاندىن يەنە بۇغداي كېپىكى بىلەن يار يېلىمنى مۇۋاپىق تەڭشەپ پامال «پامال — قوتاز ياكى تۆگىنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ياسىلىدىغان زاماسكا بېرىش ئەسۋابى» بىلەن زاماسكا بېرىلىدۇ. زاماسكا بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، قېيىن قوۋزىقى چاپلىنىپ، ئۈستىدىن ئوتتۇن كۈلى بىلەن يار يېلىمنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان يۇمشاق زاماسكا بېرىلىدۇ. ئاندىن زىغىرنىڭ يېغىنى تۆۋەن ھارارەتتە قايناتقاندىن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل پارقىراق سۇيۇقلۇق بېرىلىپ سالقىن يەردە قۇرۇتۇلىدۇ. ئېگەر تولۇق پۈتكەندىن كېيىن مىسكەرچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ئۈيمىچىلىق، نەققاشچىلىق ھۈنەرلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرتىپلىرى بويىچە تۆمۈر، مىس، بۇغا قوۋۇرغىسى، كۈمۈش قاتارلىق مېتال ۋە سۆڭەكلەر بىلەن نەقىشلىنىدۇ.

## ئېگەرنىڭ ئاساسلىق جابدۇقلىرى

توقۇم: توقۇم ئېگەر جابدۇقلىرى ئىچىدىكى مۇھىم بولغان تەركىبلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن كىگىزچىلىك ۋە بابكارچىلىك تېخنىكىسى بويىچە مۇئەييەن ئۆلچەمدە بېسىلىپ ياكى توقۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. توقۇمنىڭمۇ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سەكسەنپۇت توقۇم، ئىشكىلىك، ئىشمەك توقۇم «توقۇمنىڭ تەرلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسەن توقۇمنىڭ تېگىگە سېلىنىدۇ». ئادەتتىكى كىگىز توقۇم، ئەرەنچە توقۇم، ئايالچە توقۇم، يالقۇم توقۇم، ئات توقۇمى، كالا توقۇمى، ئېشەك توقۇمى دېگەنلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ھەرقايسى توقۇم شەكىللىرىنىڭ ياسىلىش تەرتىپلىرى ئۆزىگە خاس ئىش ھالقىلىرىدىن ئۆتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمىنى»، «توقۇمنى قارىنغا ئالدى»، «ئېشىكى ئۈچ تەڭگە، توقۇمى بەش تەڭگە»، «ئېشەك ئالساڭ، توقۇم ئالسەن»، «ماڭقا يۇقۇمدىن بولار، يېغىر توقۇمدىن بولار»، «ھورۇن ئېشەكنىڭ توقۇمى يىرتىق»، «ئاتتىن ئايرىلساڭمۇ، ئېگەر توقۇمدىن ئايرىلما» دېگەن ماقاللار كەڭ ئومۇملاشقان.

كەمەلدۈرۈك: كەمەلدۈرۈك ئاساسەن 16 تال تاسما تىلىكدىن بەش سانتىمېتىر كەڭلىكتە، مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتا ياپىلاق ياكى نوخۇرا ئۆرۈمدە ئۆرۈلۈپ، ئاتنىڭ كۆكرىكىگە ئېگەر قاپتىلىنىڭ ئالدى تەرىپىگە بېكىتىلگەن ئىككى تال تۆڭگىگە ئېلىنىپ ياكى تارالغا بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلۇپ تارتىلىدىغان جابدۇق. كەمەلدۈرۈكنىڭ ئاتنىڭ تۆشىگە توغرا كېلىدىغان قوشمىسىغا مىس، تۆمۈر، كۈمۈش ياكى ئالتۇندىن كۆپتۈمە ئەنجۈمە قويۇلۇپ، ئىككى تال سالپۇنچاق ئېسىلىپ، يان ئايلانمىلىرىغا ناپىرىما، بالچۇقلار قويۇلۇپ نەپىسلىنىدۇ.

غانجۇغا: يەنە بىر ئاتىلىشى بۆكتۈرمە بولۇپ، ئېگەر قاپتىلىنىڭ ئارقىسىدىن ئېچىلغان ئىككىدىن تۆت تۆشۈكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ قويۇلىدىغان بىر سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى ئىككى بويىدىن تۆت بوي ئەن تاسما تىلىكچىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاتلىق سەپەرگە چىققۇچىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى تېڭىش ۋە ئوۋ ئولجىلىرىنى تېڭىۋېلىش رولىنى ئوتەيدۇ.

قۇشقۇن: قۇشقۇن كۆتلۈك، قوشما ۋە قۇشقۇن بېغىدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبتىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە كاشا ۋە ئەن تاسمىلاردىنمۇ ياسىلىدۇ. قۇشقۇننىڭ ئەڭ كۆركەم ۋە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



يارىشملىقى ئۆرۈلگەن قۇشقۇن بولۇپ، كۆپىنچە نوخۇرا ئۆرۈملۈك قۇشقۇنلار ئەندىرمە بۇيۇملىرى بىلەن بېزىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. كۆتىلۈك بىلەن قۇشقۇن بېغى كىچىك تۆگگە بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا سالپانچۇق ئېسىلىدۇ. قوشما ئۈستىگە مىس، كۈمۈش، تۇچ، ئالتۇندىن كۆپتۈرمە ئەنجۈمە قويۇلىدۇ.

ئۈزەڭگە: ئۈزەڭگە ياغاچ، سىم، تۆمۈر، مىس، كۈمۈش، ئالتۇن قاتارلىق مېتاللاردىن تۆمۈرچى، مىسكەرلەر تەرىپىدىن ياسىلىدۇ. ئۈزەڭگە قۇرۇلما جەھەتتىن تاپانلىق، ئايلانما ھالقا، باغ ھالقىسى ۋە ئۈزەڭگە باغلىقىدىن ئىبارەت تۆت تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈزەڭگىنىڭ ئاتقا مىنىش، ئاتتىن چۈشۈشتە شوتىلىق رولى بولىدۇ، خەلقىمىزدە «ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ» دېگەن ماقال بار.

ئۈزەڭگۈلۈك: ئۈزەڭگۈلۈك ئېگەر بېقىنىنىڭ ئوتتۇردىسىدىن ئېچىلغان تۆشۈك بىلەن ئۈزەڭگە باغلىقتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، تارالغا ياكى تىكىش ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلىدىغان بەش سانتىمېتىر كەڭلىك، 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سىپتا ئىشلەنگەن ئەن تاسما تىلىكچىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۈزەڭگۈلۈكنىڭ ئالدى يۈزى ئەنجۈمچىلىك تىخنىكىسىنىڭ تەلىپى بويىچە بېزىلىپ كۆركەملەشتۈرۈلىدۇ.

باستۇرما: باستۇرما يەنە بىر نامى باستۇرما تارتما بولۇپ، پۇشتاڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسەن ئالىقان، ئالقانلىق، كۆرپە باسقۇچ، تاقىلىق، جىرىم، تارتما قاتارلىق تەركىبلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئالىقان ئادەتتە يەتتە سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى، 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سىپتا، سىلىق ئېلىنىپ راسلانغان ئەن تاسما ياكى يۇڭ يىپىدىن توقۇلغان ياپلاق كاشادىن تەييارلىنىپ، ئالقانلىق ئارقىلىق تاقىلىققا ئىلىنىدۇ. ئالقانلىق ئالىقان بىلەن جىرىم ۋە تارتمىنى تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. كۆرپە باسقۇچ بىر ئىلىك كەڭلىكتىكى، مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتىكى ئەن تاسما تىلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىلمە ئەنجۈمە ئارقىلىق تاقىنىڭ يان تۆشۈكلىرىدىن ئىلىنىپ، تارالغا بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلغان ئېگەر ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىنىڭ چەت - چۆردىسىنى بېسىپ تۇرۇش رولىغا ئىگە. تاقىلىق باستۇرمىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان ئەندىرمە بۇيۇمى. جىرىم باستۇرمىنىڭ ئوڭ تەرەپ تاقىسىغا ئىلىنىدىغان 50 ـ، 60 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، بىر ئىلىك كەڭلىكتىكى ئەن تاسما تىلىكچىسى ياكى تاسمىدىن ياپلاق شەكىلدە ئۆرۈلگەن تارتمىنىمۇ تارتىپ مۇقىملاشتۇرۇش رولىغا ئىگە تەركىب. تارتما ئەن تاسمىدىن ياپلاق شەكىلدە ئۆرۈلگەن مەلۇم ئۇزۇنلۇقتىكى تەركىب بولۇپ، جىرىم بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ.

ئولاڭ: ئولاڭ چۈ ئولاڭ، چاندىر تارتما دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسەن بەش، يەتتە ياكى توققۇز تال تاسما تىلىكچىسىدىن ئىككى ئىلىك كەڭلىكتە باش تەرىپىگە تارلغا ئېلىنىپ، مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتا ئۆرۈلۈپ تەييارلىنىدۇ. ئولاڭ ئات ئېگىرىنى چىڭ تۇتۇش رولىنى ئوينايدۇ.

## ئېگەرنىڭ قوشۇمچە جابدۇقلىرى

دەپسە: ئېگەرنىڭ بېلى ئۈستىگە سېلىنىدىغان يۇمشاق كۆن ياكى قىرىمدىن ئىشلەنگەن كۆرپىدىن ئىبارەت.

گېجىم: يەنە بىر ئاتىلىشى كېچىم بولۇپ، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئاتقا ئوق تېگىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاتقا كىيدۈرۈلۈش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان يوپۇقنى كۆرسىتىدۇ.

گۈلمە: يەنە بىر ئاتىلىشى جەزلىك بولۇپ، ئېگەر قاپتىلىنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆلىمى قاپتالدىن سەل چوڭراق كىگىز توقۇمنى كۆرسىتىدۇ.

باستۇرۇق: ئېگەر، توقۇم، ئۇچۇلۇقنىڭ ئۈستىدىن تارتىلغان تاسما ياكى توقۇلغان كاشا بەلباغتىن ئىبارەت.

جىين: ئېگەرنىڭ ئىككى قېشىنىڭ قىرىغا مىخلانغان تۆمۈر ياكى مىس بېزىكنى كۆرسىتىدۇ.

دەۋر: ئاتنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدىغان بېزەكلىك يىپەك ياكى يۇڭ يوپۇقتىن ئىبارەت.

دەۋر تاسمىسى: ئېگەرگە سېلىنغان كۆرپە ۋە خۇرجۇنلارنى تاڭىدىغان تاسمىدىن ئىبارەت.

پۇشتاڭ: ئات توقۇغاندا كۆرپىنىڭ ئۈستىدىن تارتىدىغان تۆشلۈكتىن ئىبارەت.

چىچىرغا: ئېگەر قاپتىلىغا بېكىتىلگەن ھالقا شەكىللىك تاسما تىلىكچىسىدىن ئىبارەت.

قارنىباغ: ئېگەرنىڭ ئات قارنىدىن ئايلاندۇرۇپ باغلاپ قويۇلىدىغان تاسمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئات ۋە ئېگەر جابدۇقلىرىنىڭ بېزەكلىرى

ئەنجۈمە: ئات جابدۇقلىرىنىڭ تۇتىشىش ئورۇنلىرىنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ياسالغان موچىن شەكىللىك

بېزەكنى كۆرسىتىدۇ.

تاقلىق: باستۇرما تارتىمنىڭ ئېگەرگە سېلىنغان كۆرپە ۋە خۇرجۇنلارنى تاڭىدىغان دەۋىر تاسمىسىنى جىرىم ۋە تارتىمغا، شۇنداقلا كۆرپە باستۇرغۇچنىڭ تاسما تىلىكچىلىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىلمەك شەكىللىك ئەنجۈمە بېزەكتىن ئىبارەت.

تارالغا: يەنە بىر ئاتىلىشى توقا بولۇپ، ئات ۋە ھارۋىلارنىڭ جابدۇق تاسمىلىرىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆتكۈزۈپ، زۆرۈر تېپىلغان ئورۇندا توختىتىش رولىغا ئىگە تىللىق، يۇملاق ياكى تۆت بۇرجەك ھالقا شەكىللىك ئەنجۈمە بېزەكتىن ئىبارەت.

ناپىرما: نوختا ۋە يۈگەننىڭ تۇمشۇقلۇق قىسمى، قۇشقۇن، كەمەلدۇرۇكلەرنىڭ باغلىق ۋە قوشما ئارىلىقلىرىغا زىننەت ئۈچۈن قېقىلىدىغان، دۈگىلەك ياپىلاق شەكىللىك مىس يارماق چوڭلۇقىدىكى ئەنجۈمە بېزەكتىن ئىبارەت.

كۆپۈرمە ئەنجۈمە — كەمەلدۇرۇك ۋە قۇشقۇن قاتارلىقلارنىڭ قوشمىسىغا زىننەت ئۈچۈن قويۇلىدىغان سىرتىغا كۆپتۈرۈلۈپ ياسالغان دۈگىلەك شەكىللىك مىس يارماق چوڭلۇقىدىكى ئەنجۈمە بېزەكتىن ئىبارەت.

ئالقانلىق: باستۇرما تارتىمنىڭ دەۋىر تاسمىسىنى جىرىم ۋە تارتىمغا، شۇنداقلا كۆرپە باسقۇچنىڭ تاسما تىلىكچىلىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆت تەرىپىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن كىچىك چاسا تۆشۈكچىلەر ئېچىلىپ ياسىلىدىغان ئالقان شەكىللىك ئەنجۈمە بېزەكتىن ئىبارەت.

بالچۇق: نوختا ۋە يۈگەننىڭ تۇمغۇقلۇق قىسمى، قۇشقۇن، كەمەلدۇرۇكلەرنىڭ باغلىق ۋە قوشما ئارىلىقلىرىغا زىننەت ئۈچۈن قېقىلىدىغان ناپىرمىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ناپىرپا تېگىگە زاپاس قويۇلىدىغان ئىككى بېشى ياي شەكلىدە قىتلىنىپ سىيلىقلاشتۇرۇلغان ئەنجۈمە بېزەكنى كۆرسىتىدۇ.

سالپۇنچاق: كۆپىنچە كەمەلدۇرۇك قوشمىسى ۋە قۇشقۇن قوشمىلىرىنىڭ ئىككى يېنىغا ئىككى ياكى ئۈچ تالدىن كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئېسىپ قويۇلۇپ، ئات جابدۇقلىرىنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قاپاق نەشپۈت شەكلىدىكى ئەنجۈمە بېزەكتىن ئىبارەت.

قوڭغۇراق: سىلكىنگەندە ئىچىدىكى تىلى يانلىرىغا تېگىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان، مىس ۋە تۈچتىن بەلگىلىك قانۇنىيەت بويىچە ھەر خىل شەكىلدە قۇيۇلۇپ ياسىلىدىغان مېتال بۇيۇمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ بوم قوڭغۇراق ۋە زىل قوڭغۇراق دېگەن تۈرلىرى بار. زىل قوڭغۇراقلار خادىك، پوۋىسكا، پىرىشكا قاتارلىق ھارۋىلارغا قېتىلغان ئاتلارنىڭ بويۇن ۋە لەندازىلىرىغا ئېسىلىدۇ. بوم قوڭغۇراق تۆت ئاتلىق ياكى ئىككى ئاتلىق ھارۋىلارنىڭ لەندازا ئۈستىگە ئېسىلىدۇ. زىل قوڭغۇراقنىڭ شاپتۇل ئۇچكىسى چوڭلۇقىدىكىلىرى بولۇپ، تولىراق بۆشۈك پوزىسى، قۇشنىڭ پۇت چاتمىسىغا، يېڭى تۇغۇلغان قوزا، ئوغلاقلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىپ قويۇش ئادەتلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. قوڭغۇراق ئاساسەن مىس ۋە مىس ئارىلاشقان تۆمۈر، تۆمۈر، ئالیۇمىن قاتارلىق مەدەنلەردىن ياسىلىدۇ. مىستىن ياسالغان قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى يۇقىرى، جاراڭلىق بولىدۇ، باشقا مەدەنلەردىن ياسالغان قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى تۆۋەن بولىدۇ. قوڭغۇراق شەكلىگە قاراپ قوش بوغۇملۇق قوڭغۇراق، تاق بوغۇملۇق قوڭغۇراق، قۇببە شەكىللىك قوڭغۇراق، سىلىندىر شەكىللىك قوڭغۇراق، كونۇس شەكىللىك قوڭغۇراق، يۇملاق قوڭغۇراق، گۈللۈك قوڭغۇراق دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئىشلىتىلىشىگە قاراپ شىرىلڭ قوڭغۇراق، چىلدىلڭ قوڭغۇراق، سولۇڭ قوڭغۇراق، يوغان قوڭغۇراق دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. دېمەك قوڭغۇراقلار ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ چوڭ - كىچىك ياسىلىدۇ. قوشما بوغۇملۇق قوڭغۇراق، تاق بوغۇملۇق قوڭغۇراقلار توخۇ ياكى غاز تۇخۇمچىلىك كېلىدۇ. ئادەتتە دۈمبىلىك ئۈستىگە چاتقۇ ئىلمەك بىلەن ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئاۋازى يۇقىرى، جاراڭلىق كېلىدۇ. شىرىلڭ، سولۇڭ، چىلدىلڭ قوڭغۇراقلارنىڭ چوڭلۇقى كەپتەر تۇخۇمىدەك كېلىدۇ. بۇ خىل قوڭغۇراقلار نوختا، لىڭگىڭچاق قاتارلىق ھارۋا جابدۇقلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلىرىغا چاتما ئىلمەك ئارقىلىق ئېسىلىدۇ. سانى ئاز - كۆپ بولىدۇ. قۇببە شەكىللىك قوڭغۇراق، سىلىندىر شەكىللىك قوڭغۇراق، كونۇس شەكىللىك قوڭغۇراقلار كۆپرەك ئات، تۆگە، ئېشەك، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ بويىنىغا، ھارۋىنىڭ ئاستىغا ئېسىلىدۇ. ھايۋان بويىنىغا ئېسىلىدىغانلىرى كىچىكرەك بولىدۇ، ھارۋا تېگىگە ئېسىلىدىغانلىرى چوڭ بولىدۇ. ھارۋا ئاستىغا ئېسىلىدىغان قوڭغۇراقلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 10 - 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا،

2017.4

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



دىيامېترى بەش، ئون سانتىمېتر ئەتراپىدا بولۇپ، بوم،
يۇقىرى ئاۋاز چىقىرىدۇ. كارۋان تونپى ۋە ئېشەكچىلەر
كۆپرەك ئىشلىتىدۇ. بۇ خىل قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋاز ئونۇ-
مىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۈستى تەرپىنىڭ مەرك-
زىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ ئۇزۇن تاياقچىسىمان تۆمۈر دې-
گەندەك مىتاللار ئېسىپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قوڭغۇ-
راق چايقىلىشى ھامان ئاۋاز چىقىرىدۇ. يۇمىلاق، كىچىك
ۋە قوڭغۇراقلىرىنىڭ ئۇنۇمىگە كاپالەتلىك قىلىش، شۇندا-
قلا چالغۇلارنىڭ ئاۋازىنىڭ ياڭراق بولۇشى ئۈچۈن
ئوخشاش بولمىغان سوزۇنچاق تۆشۈكچىلەر قويۇلغانغا
ئوخشاش، قوڭغۇراقنىڭ ئاستى تەرىپىگە يېرىم چەمبەر
شەكلىگە ئوخشاش كەڭلىكى 0.5 سانتىمېتر تۆشۈكچە قو-
يۇلىدۇ. قوڭغۇراق ئىچىگە بىر ياكى ئىككى تال تاشسىمان
مېتال سېلىپ قويۇلىدۇ. قوڭغۇراق ھەرىكەت ھالىتىگە
ئۆتكەندە قوڭغۇراق تاشلىرى چايقىلىپ ئاۋاز چىقىرىدۇ.
قوڭغۇراق ھارۋا جابدۇقلىرى بېزىكى ئىچىدىكى ئۆزگىچە
بىر تۈر بولۇپ، ئۇنى نوقۇل ھارۋا جابدۇقى ياكى بېزە-
كى دېيىشكە بولمايدۇ. قوڭغۇراقنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى،
ئاۋازى ۋە ئىشلىتىلىشى قاتارلىق تەرەپلەردىن نۇرغۇن
ئۆزگىچە مەزمۇنلار چىقىپ تۇرىدۇ. يەنى خەلقىمىز ياشى-
غان قەدىمكى زېمىنلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى،
ناخشا - مۇزىكىغا ھېرىسمەن خاراكتېرى، سودا - سېتىق،
كۆچۈش ئىشلىرى، قىزىقىش - ھەۋەسلىرى، مەردانىلىقى
قاتارلىق تەرەپلەردىكى پىسخىكا ئالاھىدىلىكى، بىخەتەر-
لىك تۇيغۇسى، خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتلەردىكى
تەدبىرلىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلار قوڭغۇراق-
تىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ھارۋا، ئات، ئۇلاغ بېزىكىگە
مۇجەسسەملەنگەن.

جالا: ئاتلارنىڭ يوگەن - نوختىلىرىنىڭ چېكىلىك
قىسمىغا، ھارۋا قامچىسىنىڭ قامچا بېغى يېنىغا ئېسىلىدۇ.
جالانىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى ئات يايلى، قۇيرۇق قىلى،
ئۆچكە چۇپۇرى ۋە پاختا يىپى بولۇپ، ھەر خىل رەڭلەر-
دە بويىلىپ تەييارلىنىدۇ.

پۆپۈك — ئات ۋە ھارۋا جابدۇقلىرىنى بېزەش
ئۈچۈن قادىلىدىغان رەڭدار بېزەك بولۇپ، ئات ۋە ھار-
ۋىنىڭ ئومۇمىي ھەرىكىتى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمى-
غان ئىككىلەمچى جابدۇق ھېسابلانسىمۇ، ئات ۋە ھارۋا
جابدۇقلىرىنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بول-
مايدىغان مۇھىم بىر تەركىبتىن ئىبارەت. مەلۇمكى، تارى-
خىمىزدا پۆپۈك ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ،
خان - خانىش، شاھزادە - مەلىكە، بەگ - تۆرىلەرنىڭ
تاجى، باش كىيىملىرىدە، مىنگەن ئات ۋە ھەيدىگەن ھار-
ۋىلىرىنىڭ جابدۇقلىرىدا، شۇنداقلا ئارتىس - سەنئەتكار-
لارنىڭ كىيىملىرىدە پۆپۈك ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇ-
رىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ سەھنە - ئېكرانلاردا ئارتىسلىرى-
مىزنىڭ ئومۇمىي كىيىنىشىدە پۆپۈك مۇھىم بىر تەركىبىي
قىسىم ھېسابلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدى-
كى، پۆپۈك گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، پۆپۈكنىڭ بېزەش
ۋە كۆركەملەشتۈرۈش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى خەلقىمىز-
نىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈش ئېڭىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.
پۆپۈك شەكىل جەھەتتىن تەپكۈچ شەكىللىك پۆپۈك ۋە
جالا شەكىللىك پۆپۈك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
تەپكۈچ شەكىللىك پۆپۈك ھارۋا جابدۇقلىرى بولغان
بۇغا، ئىنگىلچاق، دۇمبىلىك، شاختۇ ئاتلارنىڭ يوگەن -
نوختا، بوغا، دۇمبىلىكلىرىگە قادىلىدۇ.

### ئاتنىڭ قوشۇمچە جابدۇقلىرى

قاشلىغۇچ: ئات، ئۇلاغلارنىڭ ئۇچىسىنى قاشلاش،
تۈكىنى تاراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، تۆمۈر ياكى ياغاچ-
تىن ياسالغان ئالاھىدە تۇتقۇچلۇق تارغاقسىمان ئەسۋاب.

ئات سوۋۇتۇش: يىراق سەپەردىن تەرلەپ كەلگەن
ئاتلارنى ئوت، بوغۇز ۋە سۇغا قويماي بەرەر سائەت
قاڭتۇرۇپ قويۇش ئىشى.

قاڭتۇرۇق: ئاتلارنى يىراق سەپەردىن تەرلەپ كەل-
گەندە سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېشىنى ئېگىز قىلىپ
ئېسىپ باغلايدىغان موما ياغاچ.

يوپۇق: ياۋۇرقان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاتلارنى سوغۇق-
تىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇچىسىغا يېپىپ قويۇلىدىغان
يېپىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

يانچاق: بېزەكلىك ئات يوپۇقىنىڭ ئىككى يېنى يەنى
يوپۇقنىڭ ئېتىكى.

ئاتالغۇ: ئات تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئارغام-
چا بولۇپ، ئادەتتە سالما دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يەلۇ: يەلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىيە ساغىدىغان ۋاقىتتا
قۇلۇنلارنى باغلاپ قويىدىغان ئارغامچىنى كۆرسىتىدۇ.

تۇۋرا: ئات، ئېشەك ۋە قېچىرلارنىڭ تۇمشۇقىنى
كىرگۈزۈپ، بېشىغا ئېسىپ يەم - بوغۇز بېرىدىغان باغلىق

MIRAS

خالتا.

كىجىم: كىچىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا ئاتلارغا كىيدۈرۈلىدىغان ئوق ئۆتمەس مەخسۇس يوپۇق.

جۆدەر: ئاتلارنى چۇشەپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مۇئەييەن كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇقتىكى تاسما تىلىكچىسى.

چۇشەك: يەنە بىر ئاتىلىشى چىدەر بولۇپ، ئات، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنىڭ ئايىغىنى چېتىپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مۇئەييەن كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇقتىكى سايماندىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «خىزمىتى چىققان بولسا، كېلەر ئىدى بىز ياققا. شەيتان دېگەن بۇۋاپا، ئەجەب سالدى بۇ ئوتقا. ساياقلىق قىلما يارىم، چۇشەك سالاي پۇتۇڭغا» دېگەن قوشاق بار.

غىنچىباغ: چانا ياغىچىنى ئاتقا باغلايدىغان ئارغامچىنى كۆرسىتىدۇ.

ھالقىلىق جۆدەر: ھالقىغا بېكىتىلگەن جۆدەر.

ئات نىقابى: جەڭ ئاتلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خام تېرىدىن ئاتنىڭ كۆزىنىڭ ئۇدۇلى ئوچۇق قويۇلۇپ، ئات بېشىغا لايىقلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدىغان نىقاب.

تاقا: ئات، ئېشەك، قېچىر قاتارلىقلارنىڭ تۇيىقىنىڭ تېگىگە قېقىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق يوللاردا نورمال ۋە بىخەتەر مېڭىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تۆمۈردىن مۇئەييەن تەرتىپ ۋە ئىش ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ ياسىلىدىغان دۈگىلەك شەكىللىك بۇيۇمدىن ئىبارەت بولۇپ، ياسىلىش شەكلىگە قاراپ، تۈز تاقا، ئۆكچىلىك تاقا، پوقاق تاقا، ئەمچەكلىك تاقا دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تۈز تاقا: يەنە بىر ئاتىلىشى يالپاق تاقا بولۇپ، يازلىق تاقا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تاقا يالپاقلا سوقۇلۇپ، ئەدەتتىكى تۈز مىخ بىلەن كۆپرەك خاماندا ئىشلىتىلىدىغان ۋە توپىلىق يوللاردا ماڭىدىغان ئات، ئېشەك ۋە قېچىر قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تۇيىقىغا لايىقلاشتۇرۇلۇپ قېقىلىدۇ. مۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب يۇقىرىقى كۆلۈكلەرنىڭ تۇيىقىنى ئاسراش، يەنە بىر تەرەپتىن خاماننىڭ قېزىلىپ كېتىش مەسىلىسى ئۈچۈندۇر.

ئۆكچىلىك تاقا: بۇ خىل تاقا تاقىنىڭ ئىككى بېشىدىن مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتا ئۆكچە يەنى پاشنا چىقىرىلىپ، باشقا قىسمى تۈز تاقا شەكلىدە سوقۇلۇپ، ئادەتتىكى تۈز مىخ بىلەن كۆپرەك ھارۋىغا قېتىلىدىغان ۋە شېغىللىق يوللاردا ماڭىدىغان ئات، ئېشەك ۋە قېچىر قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تۇيىقىغا لايىقلاشتۇرۇلۇپ قېقىلىدۇ.

پوقاق تاقا: بۇ خىل تاقا تۈز تاقىلاردىن پەرقلىق ھالدا تاقىنىڭ ئىككى بېشىدىن مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتا ئۆكچە ۋە تاقا ئايلانمىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن سوسكا چىقىرىلىپ سوقۇلۇپ، كۆپرەك ھارۋىغا قېتىلىدىغان ۋە تاشلىق يوللاردا ماڭىدىغان ئات، ئېشەك ۋە قېچىر قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تۇيىقىغا لايىقلاشتۇرۇلۇپ قېقىلىدۇ. بۇ تاقىنىڭ ئۆكچە ۋە سوسكىلىرىنىڭ تېگى - تۆپىسى ئوخشاش ھالەتتە بوغماق چىقىرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «پوقاق تاقا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمچەكلىك تاقا: يەنە بىر ئاتىلىشى ئۇرۇس تاقىسى بولۇپ، تاقىنىڭ ئىككى بېشىدىن مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتا ئۈچلۈق ئۆكچە ۋە تاقا ئايلانمىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن ئۈچلۈق قوش ئەمچەك چىقىرىلىپ سوقۇلۇپ، كۆپرەك ھارۋىغا قېتىلىدىغان ۋە قار - مۇزلۇق يوللاردا ماڭىدىغان ئات، ئېشەك ۋە قېچىر قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تۇيىقىغا لايىقلاشتۇرۇلۇپ قېقىلىدۇ.

تاقا قېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مىخ تاقا مىخى دەپ ئاتىلىدۇ. تاقا مىخى تۈز مىخ ۋە مۇز مىختىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، تاقا قېقىلىدىغان ھايۋاننىڭ تۇياق ئەھۋالىغا قاراپ ئۇزۇن - قىسقا ۋە توم - ئىنچىكە قىلىنىپ سوقۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. تاقا مىخى تولىمۇ مەزمۇت ۋە ئۆلچەملىك سوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا تاقا مىخىنى راۋۇرۇس قېقىش تاقىچىلىق كەسپىنىڭ يۇقىرى ئۆلچىمى قىلىنىدۇ.

تۈز مىخ: بۇ خىل مىخ باش تەرىپىدىن تۈز ھالەتتە قالپاق چىقىرىلىپ، باش تەرىپىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئىنچىكىلىنىپ سوقۇلۇپ، ئۇچلانغان ئۇچ تەرىپى تۇياق سىرتىغا سەل ئېگىلگەن شەكىلدە تەييارلىنىدۇ.

مۇز مىخ: بۇ خىل مىخنىڭ باش تەرىپىدىن يېرىم سالپا غىش شەكىلدىكى قالپاق چىقىرىلىپ، باش تەرىپىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئىنچىكىلىنىپ سوقۇلۇپ، ئۇچلانغان ئۇچ تەرىپى تۇياق سىرتىغا سەل ئېگىلگەن ھالەتتە تەييارلىنىدۇ.

قامچا: قامچا مىنىش ئات ۋە ھارۋا، تۇلۇق، سوقا - سۆرەمگە قېتىلغان ئۇلاغلارنى ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مېڭىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، مەنزىلنى يېقىنلاشتۇرۇش



2017.4

uyghurkitap.com



ياكى ئىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش رولىغا ئىگە بولغان جابدۇقتۇر. قامچىغا مۇناسىۋەتلىك «ئات دۈشمىنى قامچىدۇر، قولۇڭدا تۇرۇپ بىلىنمەس. ئەر دۈشمىنى خوتۇندۇر، قوينۇڭدا يېتىپ بىلىنمەس»، «ئېتىڭنى قامچا بىلەن ھەيدىمەي، يەم بىلەن ھەيدە»، «ئېتىڭ تۇلپار بولسىمۇ، قامچاڭنى تاشلىما»، «ئېتىڭ ياخشى بولسا قامچاڭ بىھاجەت»، «يامان گەپ سەكسەن قامچىدىن ئارتۇق»، «قامچا ئۇزۇن بولسا جايىغا تەگمەس»، «قامچا تېرىگە ئۆتەر، ھەق سۆز سۆڭەككە ئۆتەر»، «قامچىلىغانغا ئېشەك ئات بولماس»، «قامچىغا كۆچمەي، يەمگە كۆچە»، «قېچىۋالغانغا قامچا ئۆتمەس»، «ئات مىنىپ سەھراغا چىقساڭ، قامچا دەستىڭ مەن بولاي. بارچە ئەلنىڭ كۆزى سەندە، تىل تۇمارىڭ مەن بولاي»، «يامغۇرلار تولا ياغسا، ئۆيدىن ئۆتىدۇ تامچا. مەن يارنى سېغىنغاندا پۇتۇم ئات قولۇم قامچا»، «قامچام تەگسۇن چاچ باغىڭگە، ئوتلار كەتسۇن ئىچ باغرىڭگە» دېگەن ماقال - تەمسىل ۋە قوشاقلار كەڭ ئومۇملاشقان. قامچا ئادەتتە ئات قامچىسى، ھارۋا قامچىسى ۋە سوقا قامچىسى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئات قامچىسى ئالتە تاسمىلىق ئۆرۈم قامچا، قىرغىز ئۆرۈملۈك قامچا ۋە تۆت تاسمىلىق ئۆرۈم قامچا دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئات قامچىسى ئاساسەن تېۋىلغا بىلەن كېيىكنىڭ ئالدى پۇتىغا مۇئەييەن ئۆلچەمدە مىسكەرلىك تېخنىكىسى بويىچە پىستانلىنىپ بېكىتىلىدۇ. دەستىنىڭ كەينى تەرىپىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىلىپ، ئىنچىكە تاسما تىلىكچىسى ھالقا شەكلىدە ئۆتكۈزۈپ قويۇلىدۇ. بۇ «بۆلدۈرمە» دەپ ئاتىلىدۇ. ھارۋا قامچىسى ئاساسەن ئالتە تاسمىدىن يۇمىلاق ھالەتتە ئەھۋالغا قاراپ ئۇزۇن قىسقا ئۆرۈلىدۇ. ھارۋا قامچىسى قامچا، قامچاباغ، داسۇۇس ۋە قامچا دەستىسىدىن تەركىبلىنىدۇ. ھارۋا قامچىسىنىڭ دەستىسى ئاساسەن تېۋىلغىدىن ھارۋا ئەھۋالىغا قاراپ ئۇزۇن - قىسقا بولىدۇ. سوقا قامچىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ھارۋا قامچىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت سوقا قامچىسىنىڭ ئۆزىمۇ، دەستىسىمۇ نىسبەتەن ئۇزۇن بولىدۇ.

جۇل: ئات ۋە ئېشەكلەرگە توقۇلىدىغان باشلىقى يوق مۆلە ياكى ئۈچۈلۈقنى كۆرسىتىدۇ.

ئوقۇر پالاس: كاناپتىن ئوقۇر شەكلىدە ئوتتۇرى پەس، تۆت ئەتراپى ئېگىزرەك قىلىپ توقۇلغان پالاس بولۇپ، ئادەتتە ئۇلاغچىلار سەپەردىن توختاپ ئارام ئالغان چاغلاردا يېيىپ ئۇلاغلارغا يەم - بوغۇز بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

جادا: بېدە، قوناق شادىسى. ئوت - چۆپلەرنى توغراش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، ياغاچ جازىغا بېكىتىلگەن بىر خىل تىغلىق توغراش سايمىنىدىن ئىبارەت.

ئوقۇر: ئات ۋە ئۇلاغلارغا يەم- بوغۇز بېرىش ئۈچۈن، ئات، ئۇلاغلارنىڭ بويى يەتكۈدەك ئېگىزلىكتە تەكچى شەكلىدە سېلىنغان، چۆرىسىدە كىچىك توسۇق تېمى بولغان قورۇلمىدىن ئىبارەت.

سالما: ئاساۋ، كۆندۈرۈلمىگەن ھايۋانلارنى قوغلاپ تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر ئۇچى سىرتماقلىق چەمبىرەك شەكلىدە يۆگەلگەن ئۇزۇن ئارقاننى كۆرسىتىدۇ.

قۇرۇق: ئات، ئۇلاغلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئۇزۇن بىر تال ئىنچىكە ياغاچنىڭ ئۇچىغا ھالقا شەكلىدە ئارقان بېكىتىلگەن سالمىدىن ئىبارەت.

### ئېگەر ھەققىدە رىۋايەت

ئالتۇن ئارت، كۈمۈش ئارت، زۇمرەت ئارت دەپ ئاتىلىدىغان داۋانلار ئارىسىدا ياشايدىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانىتى ئات ئىكەن. ئۇلار ئات ئۈستىدە تۇغۇلۇپ، ئات ئۈستىدە ئۆسۈپ ئۇلغىيىپ، ئۆلگەندىمۇ ئات ئۈستىدە جان بېرىشەر ئىكەن. ئۇ زامانلاردا ئاتنى ئېگەرلەش ئادىتى تېخى يوق ئىكەن، شۇ كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى سەپەرگە ماڭغان ئوغلىغا نان راسلاۋاتقان بىر ئانا قولىدىكى ئادەم بېشىدەك خېمىرنى ئوغلى مىنىدىغان ياۋىداق ئاتنىڭ دۈمبىسىگە سېلىپ بېرىپتۇ. راست دېگەندەك ئوغلى سەپەر داۋامىدا كۆپ ئارامچىلىق ھېس قىپتۇ. كەچقۇرۇن كاسا قىلىپتا ياسالغان «خېمىر ئېگەر»نى كۆرگەنلەر ئەشۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ئېگەر ياساشنى ئىدراك قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياغاچچىلار شۇ شەكىلدە ئېگەر ياساپ چىقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاتنى ياۋىداق مىنىدىغان ئادەت ئاياغلىشىپ، ئېگەر بارلىققا كېلىپ، ئاتنى ئېگەرلەپ مىنىدىغان بولغانىكەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە بازىرى مويۇنگوزەر باشلانغۇچ مەكتەپتە)



# لوپنۇردىكى مىراس جىلۋىسى

(ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى)

**مەتسەيدى مەتقاسىم**

**مەن تۇنجى قېتىم كۆرگەن لوپنۇر**

1978 ـ يىلى ئىدى، مەن ئۇ چاغدا ئون ياشتا بولۇپ، يېقىن ۋە يىراق جايلار توغرىسىدا بولۇنغان هەر خىل پا- راڭلارنى قىزىقىپ ئاڭلايتتىم. ئەنە شۇ يىللاردا قوشنىمىز ئابدۇلىم ئەنجان، بايخۇجا ئاخۇن قاتارلىق رەۋەندىلەر (ئېشەكچىلەر دەپمۇ ئاتىلاتتى) چەرچەن، چاقىلىق ۋە لوپ- نۇردا كۆرگەن، بىلگەن هەم ئاڭلىغانلىرىنى مەهەللىدىكى چوڭلارغا سۆزلەپ بېرەتتى. بۇ رەۋەندىلەرنىڭ پاراڭلىرى- دىن باشقا يەنە كېيىۋالغان لوپنۇر قالپىقىمۇ مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. كېرىيەدە بۇ خىل قالپاقنى كىيىدىغانلارمۇ دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئابدۇلىم ئەنجان، بايخۇجا ئاخۇنلار خوتەن ۋە كېرىيەنىڭ بىر قىسىم تۇرمۇش بۇ- يۇملىرىنى چاقىلىق ۋە لوپنۇرغا ئاپىرىپ، ئۇنى يۇڭ، تېرە، چىگە، پالاز، خۇرجۇن، تاغار (چىگە تاغار) ياكى دۇخان پاپىسىغا ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى. ئەنە شۇ يىللاردا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كىشىلەر دۇنخۇاڭنى دۇخان دەپ، دۇنخۇاڭ ئېشىكىنى دۇخان پا- پىسى دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەنىدى. كېيىن ئۇلار لوپنۇردا دۇخان پاپىسى سودىسىنىڭ ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خېلى بىر مەزگىل ئېشەك سودىسى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



شۇغۇللاندى.

شۇنىڭدىن بېرى لوپنۇر، لوپنۇرلۇقلار، لوپنۇر قالپىقى، لوپنۇر چىگىسى دېگەندەك ئاتالغۇلار بالىلىق قەلبىمنىڭ ئاپپاق خاتىرىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەچكىمىكىن، بۇ ئاتالغۇلار كېيىنكى چاغلاردىمۇ زادى ئېسىمدىن چىقىپ كەتمىدى. كىم بىلسۇن، ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتكەندە، يەنى 1986 - يىلى قىشلىق تەتىلدە مەن ئۆزۈمنى لوپنۇردا كۆردۈم. بۇ چاغدا تەقدىر ئاسمىنىمدىكى يۇلتۇزلار ماڭا كۈلۈپ باققاندەك بىلىندى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ تۇنجى قارارلىق ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇۋاتقان لوپنۇرلۇق ساۋاقدىشىم ئەركىن قاسىم مېنى بۇ سىرلىق زېمىنغا باشلاپ كەلگەنىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر پارتىدا ھەم بىر ياتاقتا تۇراتتىم. ئۇنىڭ بەزى گەپ - سۆزى ۋە تەلەپپۇزىدا لوپنۇر شېۋىسىنىڭ پۇرىقى كۈچلۈك ئىدى. مەن «مىش»، «سەگ»، «مايتىم»، «ئايتىم»، «ھەكىۋاتۇ»، «بەدرەڭ»، «گۆرگۈن»، «ئىنجا»، «ئەينا» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغاندا ئۇ مېنىڭ نېمە دەۋەتقىنىمنى ئاڭقىرالماي قالاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ «بالىق»، «مانتۇ»، «ئۇجۇل»، «ئاۋۇشقا»، «بادارغا»، «كامپاشى»، «بارانا»، «باسىق»، «جىجە»، «داراتتىغ»، «خالايلىماق» دېگەندەك گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالاتتىم. بۇنداق چاغدا ئۇ ماڭا «گاچا» دەپ چاقچاق قىلسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا «گاچا» دەپ چاقچاق قىلاتتىم. گەرچە بىزگە شۇ چاغدا ئۆتۈلۈۋاتقان «ئۇيغۇر تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى» دېگەن دەرستە «خوتەن دىيالېكتى»، «لوپنۇر دىيالېكتى» دېگەن ئىبارىلەر كۆپ ئىشلىتىلسىمۇ، لېكىن بىز «دىيالېكت» دېگەن ئىبارىنى كۆڭلىمىزدە «شېۋە» دەپ چۈشىنەتتۇق. چۈنكى مەن بۇ ساۋاقدىشىم بىلەن قىسمەن سۆز - ئىبارىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىمالال سۆزلىشەلەيتتىم. باشقا ساۋاقداشلار بىلەنمۇ ھەم شۇنداق ئىدى. كېرىيە شېۋىسى خوتەن شېۋىسى بىلەن لوپنۇر شېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان شېۋە بولغاچقا تىل بايلىقى ناھايىتى مول ئىدى. كېرىيە شېۋىسىدا «ر» تاۋۇشى «خوتەن شېۋىسى بويىچە «ي» دەپ تەلەپپۇز قىلىنماي، لوپنۇر شېۋىسىگە ئوخشاش «ر» دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى. يەنە كېلىپ كېرىيەلىكلەرنىڭ تىل ئادىتى، نىيا، چەرچەن، چاقىلىقنىڭ تىل ئادىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى. بىزنىڭ شۇ چاغدىكى نەزەرىمىزدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرقايسى دىيالېكتلارنىڭ ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ مەن كىچىك چېغىمدا ئابدىلىم ئەنجان، بايخۇجا ئاخۇندىن ئاڭلىغان لوپنۇر، لوپنۇرلۇقلار، لوپنۇر قالپىقى، لوپنۇر چىگىسىنى مانا ئەمدى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. لوپنۇرنىڭ يېرى زەيكەش، ئورمانلىرى يېلىڭ بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ماڭا نىسبەتەن بەكمۇ سوغۇق بىلىندى. شۇنىڭ بىلەن مەن سىرتقا چىققاندا ساۋاقدىشىمنىڭ جۇۋىسىنى ۋە كىگىز قالپىقىنى كىيىپ چىقىدىغان بولدۇم. مەن كۆرگەن ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە كىيىم - كېچەكلەر بار ئىدى. بۇ ئائىلىلەر مېنىڭ نەزەرىمدە خۇددى «كىچىك مۇزېي»غىلا ئوخشايتتى. شۇ چاغلاردا لوپنۇرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى، ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كېرىيەدىن ئانچە كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئەمما لوپنۇرلۇقلارنىڭ كىيىم - كېچەكى، تىل شېۋىسى، بېلىق تائاملىرىنى كۆپ ئىستېمال قىلىشى باشقا يۇرتلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. مانا بۇ لوپنۇرلۇقلارنىڭ مەندە قالدۇرغان ئەڭ چوڭ تەسىراتى ئىدى. ئىلگىرى ناھىيەنىڭ بازار ئىچىدە ئەگرى - بۈگرى بىر رەستە، دەريا بويىدا بىر كىچىك سودا - سېتىق بازىرى بار ئىكەن، ئەمدىلىكتە ناھىيە بازىرى بارغانسېرى رەتكە سېلىنىپ كېڭىيىۋېتىپتۇ. ئەركىن قاسىمنىڭ ئۆيى شىنپىڭ يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدا ئىدى. كۆنچى دەرياسىدا سۇ ئاز بولۇپ، ناھايىتى ئاستا ئېقىپ تۇراتتى. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىنى بولسا تامامەن مۇز تۇتۇپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ بىر توپ باللار ھەر كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ سانجاق، گۈلمە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ بېلىق تۇتۇپ ئوينايتتى. باشقىلاردىن ئاڭلىسام ئىلگىرى لوپنۇرنىڭ سۇ بايلىقى ناھايىتى مول بولۇپ، كۆنچى ۋە تارىم دەريالىرىدا تارىم ئاق بېلىقى، مۇكاباش بېلىقلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. قارچۇغا سۇ ئامبىرى، تارىم سۇ ئامبىرى، ئاقسۇپا سۇ ئامبىرى، شىنغا سۇ ئامبىرى، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان سازلىق ۋە كۆللەردىكى بېلىقلارنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران

قالدۇرىدىكەن. بېلىق تۇتۇش خۇددى ئويۇن ئوينىغاندەكلا ئاددىي بىر ئىش ئىكەن. كېيىن نېمە سەۋەبتىندۇر دەريا ۋە كۆللەرنىڭ سۇ يۈزى تۆۋەنلەپ، بېلىقلارنىڭ سانىمۇ ئازلاپ كېتىپتۇ، بېلىق تۇتۇش خۇددى قۇملۇقتىن كېپەك ئالتۇن ئىزدىگەندەك بىر ئىشقا ئايلىنىپ قاپتۇ.

مەن كۆرگەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك جۇغى چوڭ، بويى ئېگىز، كۆزى چوڭ، قاش-قاپىقى بىرئاز پولتىيىپ چىققان، مەڭزى قىزىل ئىدى. مەڭزىنىڭ قىزىللىقى بولسا تەكلىماكاننىڭ تاۋلىنىپ پىشقان قىزىل قۇمىغا ئوخشايتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ تىل تەلەپپۇزىدا قىسمەن ئۆزگىچىلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىگە مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاڭلىناتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئىي يۇمۇرىستىك سۆزلىرى، ناخشا، قوشاق بېيىتلىرى ۋە ئۇسسۇللىرىدىن لوپنۇرلۇقلارنىڭ سەنئەتخۇمار، شائىرانە خەلق ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. مەنمۇ بىر شېئىر ھەۋەسكارى بولغاچقا، ئۇلاردا بىر خىل شائىرانە دىتنىڭ بارلىقىنى ناھايىتى ئاسانلا بايقىدىم. مېنىڭچە ھەر بىر لوپنۇرلۇق خۇددى نامسىز شائىرغا ئوخشايتتى. ئۇلار قەلبىدىكى ئىزگۈ-تىلەكلىرىنى ۋە مۇھەببەت ناخشىلىرىنى بۇ بىپايان كۆل رەڭ زېمىننىڭ ئېتىزلىرىغا، دەريا، ئورمانلىرىغا ئۈن-تىنسىز ھالدا يازاتتى. بىپايان ئاسمان، سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار ۋە ھەر خىل قۇشلار بۇ يازمىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن ئالەمچە ھۇزۇر ئالاتتى. لوپنۇردىكى قەدىمكى توغراقلار قىسسەچى بوۋاي-مومايلارغا، شەپەقتەك تاۋلانغان قىپقىزىل يۇلغۇنلار تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى ئۇلارنى كۈيلەپ توختىماي چېلىنىۋاتقان بىر جۈپ راۋابقا، قومۇش ۋە كوكاتلار بولسا لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ماھىر ئۇسسۇلچىلارغا ئوخشايتتى. قىسقىسى، لوپنۇرنىڭ ئۆزى تىرىك بىر سەنئەت ئەسىرى ئىدى، ئۇنى بىر ئۆمۈر ئوقۇپمۇ تۈگەتكىلى بولمايتتى.

ئانا دەريا — تارىم دەرياسى بىر خىل جۇغراپىيەلىك نام بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قەدىمكى تارىملىقلارنىڭ ئىپتىخارى ئىدى. بۇ ئەزىم دەريا ئەدەبىي جەھەتتىن مېھر-مۇھەببەت دەرياسى دەپ سۈپەتلەشكە تامامەن باب كېلەتتى. چۈنكى بۇ دەريا قاراقورۇم، پامىر، تەڭرىتاغ ھەممە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەرب، جەنۇب ۋە شىمالىي گىرۋەكلىرىدە ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ مۇشۇ زېمىنغا بولغان مېھر-مۇھەببىتىنى ئېلىپ، ئاخىرىدا لوپنۇرغا قۇيۇلاتتى. شۇڭا لوپنۇر مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مېھر-مۇھەببەتنىڭ جەمگاھى ھەم ئۇلۇغ قۇچىقى ئىدى. تارىم دەرياسى لوپنۇر زېمىنىنىڭ 455 كىلومېتىرلىق بۆلىكىنى كېسىپ ئۆتەتتى. بۇ يەردىكى يۇرت مەھەللىلەر ئاساسەن مۇشۇ دەريا ساھىلىدىكى شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان تەخمىنەن 500 كىلومېتىردەك ئۇزۇنلۇقتىكى بوستانلىق ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ھاياتلىق ناخشىسىنى ياڭرىتىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇ چاغلاردا بۇ يەردە 8000 نەپەرگە يېقىن ئۇيغۇر ۋە يېزا ئىگىلىك 2-دىۋىزىيەسىنىڭ بىر قىسىم پولك، مەيدانلىرىدىكى خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق 17 مىللەتتىن بولۇپ، جەمئىي 70 مىڭ نەپەردىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلاتتى. گەرچە بۇ يەرنىڭ زېمىنى كەڭ بولسىمۇ، بىراق ئاھالىسى ناھايىتى شالاڭ ئىدى. يېزا-كەنتلەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى توغراقلىق ئارىسىدىكى ئاددىي قۇشام ئۆيلەردە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ روھىيەت ئالىمىدە غەم-قايغۇ بۇلۇتلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىدىن بەخىرامان ھالدا كۈن كەچۈرەتتى. ئۇلارنىڭ مېڭە، يۈرەكلىرى ناھايىتى ساغلام بولۇپ، كۆپ قىسمى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرى لوپنۇردەك گۈزەل ئەمەس ئىدى. لوپنۇر 1899-يىلى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ شىنپىڭ ناھىيەسى دەپ ئاتالغان ھەم قاراقۇم كەنتىنىڭ شىمالىنى ناھىيە مەركىزى قىلغان. 1914-يىلى «شىنپىڭ» دېگەن يېڭى نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ «لوپنۇر» دېگەن كونا نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ لوپنۇر ناھىيەسى دەپ ئاتالغان.

مېنىڭچە لوپنۇرنىڭ ئەسلىدىكى نامى «لوپ» بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى خوتەن شېۋىسى ۋە كېرىيە شېۋىسىدە «لوپ» دېگەن سۆز سۇ يىغىلىپ تۇرغۇن، سۇ ھاسىل بولغان سۇلۇق (سازلىق) جاينى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى نىسبەتەن ئويمان بولىدۇ. ئادەتتە سۇ يىغىلىدىغان كىچىك جاي كۆلمەن، ئۇنىڭدىن چوڭراقى كۆللەك، ئۇنىڭدىن چوڭراقى كۆلچەك، ئۇنىڭدىن چوڭراقى كۆل، ئۇنىڭدىن چوڭراقى چوڭ كۆل،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com







ئۇنىڭدىن چوڭراقى ئۇلۇغ كۆل، ئۇنىڭدىن چوڭراقى لوپ، ئۇنىڭدىن چوڭراقى دېڭىز دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا خوتەندىكى پېشقەدەملەر دېڭىزدىن سەل كىچىك، ئۇلۇغ كۆلدىن سەل چوڭ كەلگەن سۇلۇق جايىنى لوپ دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا لوپ دېگەن سۆزنى ئاددىيلا قىلىپ، غايەت چوڭ كۆل دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇنداق غايەت چوڭ كۆلنىڭ سۇ يۈزى كۈچلۈك بوران ۋە شامالدا لوپاڭشىپ تۇرىدۇ. شۇڭا خوتەن تەۋەسىدە ھازىرغا قەدەر سۇنى كۆپ ئىچىدىغان كىشىلەرنى بەزىلەر چاقچاق قىلىپ «لوپپاڭ قورساق» دېسە، يەنە ئۇنىڭ مېڭىشىنى سۇغا ئوخشىتىپ «لوپۇلداپ» دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «لوپ»، «لوپپاڭ» دېگەن لەقەم ۋە «لوپۇ - لوپپاڭ، گولدۇر - گۈپپاڭ» دېگەن تەمسىلمۇ بار. مەن لوپنۇردىكى مەزگىلدە «لوپ «دېگەن بۇ سۆزنىڭ كەينىگە «نۇر» دېگەن موڭغۇلچە سۆزنىڭ قوشۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى لوپ دېگەن سۆزمۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، غايەت چوڭ كۆلنى، «نۇر» دېگەن موڭغۇلچە سۆزمۇ ئوخشاشلا غايەت چوڭ كۆلنى كۆرسىتەتتى. بۇ خۇددى بىر يوغان كۆلنى ئىككى خىل تىلنى بىرلەشتۈرۈپ ئاتىغاندەك بىر ئىش ئىدى. ئەمما خوتەن تەۋەسىدىكى لوپ ناھىيەسىنىڭ «لوپ» دېگەن تۆپ نامى ھېچقانداق قوشۇمچىسىز ھالدا ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلگەن. قەدىمكى دەۋردە بۇ ناھىيەنىڭ شىمال ۋە شەرقىي شىمال تەرىپى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى يىغىلىدىغان جاي بولغاچقا لوپ دەپ ئاتالغان. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ يەردە ئاقسېپىل، راۋاق قاتارلىق نۇرغۇن شەھەر راباتلار بارلىققا كەلگەن. كېيىن قۇملىشىپ چۆل جاڭگالغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ لوپ دېگەن تارىخىي نامى ئىزچىل تۈردە ساقلىنىپ كەلگەن. ئاھالىلىرى تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى لوپ بوستانلىقىنى بەرپا قىلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن. قىسقىسى لوپ دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئىككى جاينىڭ بۇرۇنقى چاغلاردا غايەت چوڭ كۆل ئىكەنلىكى بىر ھەقىقەت. شۇنداق ئىكەن لوپنۇرنىڭ بۇرۇنقى تارىخىي نامىنى «لوپ» دەپ، ئاھالىلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى بولغان «لوپلۇقلار» دەپ ئاتاش ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

## ئىلمىي تەكشۈرۈش

ئارىدىن ھەش - پەش دېگۈچە 21 يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇ جەرياندا لوپنۇرغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن

كىتاب ۋە ماقالىلەرنى ئوقۇدۇم. كۈنچىقانبەگ ۋە ئۆردەك ئوماقنىڭ خىيالەن ئوبرازى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. نىگاھىمدا لوپنۇر قۇملۇقىدا سەپ تارتىپ كېتىۋاتقان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ سىماسى زاھىر بولدى. بۇ سىھىرلىك يۇرتتا ياڭرىغان كولدۇرما ئاۋازى مېنىڭ روھىمنى سىرلىق قەدىمىي شەھەرلەرگە باشلاپ باردى. كىروران، لوپنۇر كۆلى، لوپنۇر ۋە لوپلۇقلار توغرىسىدىكى تېخىچە يېشىلمىگەن سىرلار مېنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتتى. بىراق خىزمەت ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە لوپنۇرغا قەدەم باسىمىقىم تەسكە توختىدى. شۇنداقتىمۇ مەندىكى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى ۋە جاھىل مىجەز يەنىلا ھەممىدىن غالىب كەلدى.

2008 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مەن ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن ئوغلۇم بىلەن كورلا شەھىرىدىن يولغا چىقىپ چۈش ۋاقتىغا يېقىن لوپنۇرغا يېتىپ كەلدىم ۋە ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىمنى باشلىدىم. بۇ قېتىمقى پائالىيىتىمنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بولسا لوپنۇر ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ۋە يېڭى بايقاشقا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. ساۋاقدىشىم ئەركىن قاسىم مېنىڭ كېلىش مۇددىئايىمنى بىلگەچكە ماڭا ماشىنا ۋە زۆرۈر لازىمەتلىكلەرنى ئالدىن تەييارلاپ قويغانىكەن. مەن ئالدى بىلەن لوپنۇر مۇزېيىغا كىرىپ، بۇ يەردىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈش سۆزلىرىنى بىرمۇبىر خاتىرىلەپ چىقتىم. بولۇپمۇ مۇزېينىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى تاختايغا يېزىلغان لوپنۇرلۇقلار ھەققىدىكى مۇنۇ بايانلار دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى.

لوپنۇرلۇقلار باياۋان ئەۋلادلىرى بولۇپ، بېلىق تۇتقىلى بولىدىغان، سۇ بولىدىغانلا بولسا ھەرقانداق جايدا ياشىيالايدۇ. لوپنۇرلۇقلار تەبىئەت دۇنياسىغا ئەڭ يېقىن كىشىلەر بولۇپ، كائىناتنى ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشى تەبىئەت دۇنياسىغا باغلىق. لېكىن ئۇلار ھەققەتەنمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىن تېخىمۇ كۆپ نەرسە ئېلىپ باققان ئەمەس. لوپنۇرلۇقلار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن. ئالتۇن، كۈمۈش ۋە پۇل ـ بىسات ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئانچە كۆپ قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە ئەمەس. لوپنۇرلۇقلار ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ تەربىيەسى ئاستىدا ئۆزلىرىدە ئاددىي ـ ساددىلىق، مەردلىك ۋە كەڭ قورساقلىقنى يېتىلدۈرگەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ قەلبى ئاسماندەك كەڭ، ئالىقنى زېمىندەك سېخى...

مانا بۇ بايانلار لوپنۇرلۇقلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئېچىپ بەرسىمۇ، لېكىن ئۇنى يەنىلا يېتەرلىك دەپ قاراشقا بولمايتتى. چۈنكى لوپنۇرلۇقلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى مۇكەممەل دەرىجىدە شەرھلەش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى، ئۇنى شەرھلەشكە توغرا كەلسە ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

مەن لوپنۇر مۇزېيىدا ئۆزۈمنى خۇددى بۈگۈندىن 3000 ــ 4000 يىل بۇرۇنقى كىرورانغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ مۇزېي ئەينى ۋاقىتتىكى كىروراننىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى ئىدى. گەرچە كىروراندىن ھازىرغا قەدەر كونا تاش قوراللار دەۋرىگە دائىر ئىزلار تېخىچە بايقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈندىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردا تېپىلىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ مۇزېيدا كونا تاش قوراللار دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر تېپىندا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆششاق تاش قوراللار ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان تاش قورال بۇيۇملىرى خېلى كۆپ ئىدى. سۈركەپ ياسالغان تاش قوراللار، چوقۇپ ۋە يونۇپ ياسالغان تاش قوراللار، چاناش ۋە كېسىش ئەسۋابلىرى، ساپال قاچىلار، مېتال بۇيۇملار ۋە توقۇلما بۇيۇملار لوپلۇقلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولغان كىرورانلىقلارنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىققا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. تا ھازىرغىچە جۇڭگو زېمىنى ئىچىدە بايقالغان ئەڭ دەسلەپكى بۇغداي ئەۋرىشكىسى لوپنۇر رايوننىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق جىلغىسىدىكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دېلتا رايونى بىلەن لوپنۇر كۆلى ۋادىسىغا مەركەزلىك تارقالغان خارابە ۋە ئىزلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قەدىمكى لوپلۇقلار خېلى بۇرۇنلا ئۆزىگە خاس بولغان دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى، شەھەر مەدەنىيىتى، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى ياراتقان. قۇم دەريا



2017.4

www.uyghurkitap.com



قەبرىستانلىقى، كۆنچى دەرياسى تۆۋەن ئېقىنى (يېنپەن) قەبرىستانلىقى، كۆنچى دەريا قەبرىستانلىقى، كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقى قاتارلىق قەبرىستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئورا كۆز، قاڭشارلىق كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرى بولۇپ، ھازىرقى لوپلۇقلارنىڭ تەن قۇرۇلمىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتەتتى. جەسەتلەرگە كىيدۈرۈلگەن كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ ئاجايىپ ھۈنەر تېخنىكىسى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. خىيالىي تۈيغۇلار ئىچىدە بۇ جەسەتلەر تىرىلىپ، ئەسلىي ھالىتىگە قايتقاندەك، مەن بىلەن پاراڭلاشقاندەك، مېنى قەدىمكى كىروراننىڭ سىرىنى ئېچىشقا ئۈندىگەندەك بىلىندى. مەن چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈردۈم ۋە مۇزېيدىن چىقتىم، بۇ چاغدا قەدىمكى شانلىق بىر مەدەنىيەتنىڭ نۇرى كۆز ئالدىمدا قايتىدىن جىلۋە قىلغاندەك تۇيۇلدى.

ئۆردەكباي باغچىسىنىڭ — ئەسلىي نامى «ئېپتىدائىي توغراقلىق ئېكولوگىيە باغچىسى» بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 15 مىڭ مو ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۇ كۆنچى دەريا ئېقىنى، كۆل، تەبىئىي توغراقلىق، كىچىك تېپتىكى مېۋىلىك باغدىن تەركىب تاپقان ساياھەت رايونى ئىدى. لوپنۇرلۇق داڭلىق ئارخېئولوگ، كىروران قەدىمىي شەھىرىنى بايقىغۇچى ئۆردەكنىڭ قەبرىگاھى ۋە ئۆردەك نامىغا ئېچىلغان ئۆردەك ئارامگاھى مۇشۇ يەرگە جايلاشقانىدى. شۇڭا كىشىلەر بۇ باغچىنى ئۆردەكباي باغچىسى دەپ ئاتىشاتتى. مەن ئۆردەك ئۇماقنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قەبرىسىدە بىردەم سۈكۈتتە تۇردۇم ۋە رەسىمگە چۈشتۈم. لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئارىسىدا ئۆردەك ئۇماق دېگەنگە ئوخشاش ساپ ئۇيغۇرچە كىشى ئىسىملىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇنى ئىسىم قويۇش ئادىتىمىزدىكى ئۆلگە دەپ قاراشقا بولاتتى.

مەن زور قىزىقىش ئىچىدە سەپىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ «لوپنۇرلۇقلار كەنتى»گە يېتىپ كەلدىم. «لوپنۇرلۇقلار كەنتى» ساياھەت مەنزىرە رايونى لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ دۆڭقوتان يېزىسىدا بولۇپ، تارىم دەرياسى مۇشۇ كەنتتىن ئۆتەتتى. بۇ مەن كۆرگەن تارىم دەرياسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئېقىنى ئىدى. «لوپنۇرلۇقلار كەنتى» لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان، ئېكولوگىيە ساياھىتى ۋە ئېكسپېدىتسىيە ساياھىتىنى ئالاھىدىلىك قىلغان، قۇملۇق، توغراقلىق، دەريا ساھىلى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ساياھەت رايونى بولۇپ، ساياھەت رايونىنىڭ جەنۇبى تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشاتتى. ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ ساياھەت رايونىدا لوپنۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ۋە لوپنۇر مەدەنىيىتىگە قىزىققۇچىلار بۇ يەرنى تولىمۇ جانلاندۇرىۋەتكەنىدى.

لوپنۇر مۇزېيى قەدىمكى لوپنۇر مەدەنىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى بولغان بولسا، «لوپنۇرلۇقلار كەنتى» بۈگۈنكى دەۋر لوپنۇر مەدەنىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى ئىدى. مەن بۇ كەنتنى بىرمۇبىر ئارىلاپ، لوپنۇرلۇقلار ۋە لوپنۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش سىرى، لوپنۇرلۇقلارنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، ئولتۇراقلىشىش ئادىتى مېنى بۇنىڭدىن كېيىن لوپنۇر رايونىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېكسپېدىتسىيە ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھام بەردى. مەن شۇ كۈنى بۇ يەردە ئىگىلىگەن ھەم بايقىغان يېڭى ھاسىلاتلاردىن خاتىرە قالدۇرغاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىغا قايتتىم ۋە ئەتىسى تارىم ۋە ئاقسۇپى يېزىلىرىغا بېرىپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

## دۆڭقوتان ۋە قارچۇغدا

2008-يىل 5-ئاينىڭ 21-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەن چاقىلىقنىڭ ئارغاندىكى كونا مەھەللە ئىزنالىرىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، چارۋىچىلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قۇمدەريا ساھىلىدىكى «مۇرەن قەبرىستانلىقى»غا بېرىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، لوپنۇرنىڭ دۆڭقوتان ۋە قارچۇغا يېزىلىرىغا بېرىش نىيىتىگە كەلدىم. «كىچىك مۇرەن» قەبرىستانلىقىغا بېرىشتىكى مەقسىتىم ئۇنى شايار تەۋەلىكىدىكى «كېرىيە شىمالىي قەبرىستانلىقى» بىلەن

M I R A S

سېلىشتۇرۇش ئىدى. چۈنكى بۇ ئىككى قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى ۋە جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنىش ئەھۋالى ۋە دۇگىلەك هالەتتە ياسىلىشى بىر - بىرىگە خېلىلا ئوخشايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن چاقلىق بىلەن لوپنۇر چېگراسىدىكى توختى تېپىلدى دېگەن پېشقەدەم چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدىم. مېنى موتوسىكلىتتا ئەكىلىپ قويغان يىگىت مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى توختى تېپىلدىنى 73 ياشلار چامىسىدىكى ئۇقۇمۇشلۇق كىشى، ئۇ لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىسىنى ئوبدان بىلىدۇ دەپ چۈشەنگدۇرگەنىدى. توختى تېپىلدىنىڭ ئۆيى يولنىڭ شەرق تەرىپىگە 300 مېتىردەك كېلىدىغان جايدا بولۇپ، تاملىرى قوشامداپ سېلىنغاندىن كېيىن هاك بىلەن ئاقارتىلغانىدى. تۆت ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئەتراپىدا چىت، ئۆينىڭ كىرىش ئېغىزىدا ساتما ۋە ئۇنىڭغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا قوتان بار ئىدى. ئۆيدە توختى تېپىلدىنىڭ 50 ياشلار چامىسىدىكى ئوغلى بار ئىكەن، ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى بىلگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ تېخى ئىككى سائەت ئىلگىرى قۇربانكۆلدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ماڭا بىر قاچا قېتىق سۇندى. ئۇ دادىسىنىڭ قوشاق توقۇيدىغانلىقىنى، مۇشۇ يەرگە نىسبەتەن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەن ئۇنىڭ دېگەن ئادرېسى بويىچە شۇ كۈنى قۇربانكۆلگە بېرىپ ئۇنى ئىزدىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇ تۇغقانلىرى بىلەن ناهىيە بازىرىغا چىقىپ كەتكەچكە كۆرۈشەلمەي، ئەپسۇسلانغان هالدا دۆڭقوتانغا قاراپ يول ئالدىم. دۆڭقوتاندا مېنى هەممىدىن بەك هەيران قالدۇرغىنى كىشىلەرنىڭ تەققى - تۇرقى بولدى. بۇ يەردىكى ئەرلەر، بولۇپمۇ ياشانغان كىشىلەرنىڭ هەممىسى دېگۈدەك ناهايىتى قامەتلىك كىشىلەر بولۇپ، كىشىگە رىۋايەتلەردىكى بەرزونى ئەسلىتەتتى. ئۇلارنىڭ بويى ئېگىز، گەۋدىلىك بولۇپ، بىر قاراشتىلا كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا پالۋان سۈپەت كىشىلەر نامايان بولاتتى. چىرايىدىن قىزىللىق مانا مەنلا دەپ چىقىپ تۇراتتى، هەتتا چىرايىدىكى تومۇرلارنىمۇ ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئەمما قۇرغاقلىشىپ كەتكەن بۇ چىرايلاردا قورۇق ئىزنالىرى خېلى كۆپ ئىدى. باياۋانلاردا ۋە تاغ - تۇرالاردا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ چىرايى شامالنىڭ يالىمىشى بىلەن مۇشۇنداق هالەتكە كېلەتتى. بەزى كىشىلەرنىڭ تولىمۇ يا-

راشقان قالپىقى كىشىنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلاتتى، قالپاق ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچكىدىكى ئۆزگىچىلىك هېسابلىناتتى.

دۆڭقوتاندىكى چارۋىلارنىڭ تىل تەلەپپۇزى خېلىلا ئۆزگىچە ئىدى. بىر بوۋاي مېنىڭ ئىسمىمنى بىلگەندىن كېيىن، مېنى «مەتسەيدەم» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ بۇ ئاتىشىدا مېنى ئۆز قېرىندىشى كۆرگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن پىلانىم بويىچە دۆڭقوتاندا لوپنۇر شېۋىسى سۆزلۈكىدىن 107 نى توپلىدىم. ئەتىسى ئەتىگەن قارچۇغا يېزىسىغا كېلىپ تىل تەكشۈردۈم ۋە ئۆرپ - ئادەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدىم. تارىم دەرياسى قارچۇغا ۋە دۆڭقوتان تەۋەلىكىدە ئون نەچچە تارامغا بۆلۈنۈپ كېتەتتى. شۇڭا بۇ يەردىكى كىشىلەر ئارىسىدا «تارىم ئانام، توققۇز تارام» دېگەن ماقال تارقالغانىكەن. دېهقان، چارۋىچىلار ئاساسلىقى تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى، شەرقتىن غەربكە 150 كىلومېتىر، جەنۇب - شىمال ئارىلىقى 100 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بوستانلىقتا تىرىكچىلىك قىلاتتى. دەريا ساهىلىدا يۇلغۇن توغراق، قومۇش، چاتقال، لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق كۆكلەكلەر خۇددى مەخمەلدەك يېيىلىپ ياتاتتى. بەزىدە ئۇنىڭ ئاراشلىرىدىن قوش لوكىلىق تۆگە، سۇر بۇغا، ئاق بۇغۇز بۆكەن، ئېيىق قاتارلىق هايۋانلارنى كۆرگىلى بولاتتى. قارچۇغا يەنە لوپ چۆلى ئارقىلىق شايار ۋە كېرىيەنىڭ دەريا بويى بىلەنمۇ چېگرالىناتتى. قىسقىسى، قارچۇغا يېزىسى گۈزەل هەم تەبىئىيلىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى.

تەلىيىمگە يارىشا شۇ كۈنى كەچتە «ئىللىق دۇنيا» مېيىپلەر سەنئەت ئۆمىكى قارچۇغا يېزىسىدا بىر مەيدان هال سوراش ئويۇنى قويدى. ئويۇن مەيدانى هەرقايسى كەنتلەردىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن لىق تولدى. مەن ئويۇن باشلىنىشتىن خېلى بالدۇرلا بىر نەچچە پېشقەدەم چارۋىچى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ۋە تىلىدىكى ئۆزگىچىلىكنى ئىگىلەپ خاتىرە قالدۇردۇم. ئەتىسى قارچۇغىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئەڭ چەت جايلاردىكى بىر قىسىم چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلدىم.

قارچۇغا يېزىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سۆزلۈك

2017.4

(سۆزلەم)لەر ئىچىدە كونا سۆزلۈكلەر بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇ ئەرەب ۋە پارس تىلىدىن خالىي ھالدىكى ساپ ئۇيغۇر تىلى ئىدى. تۈپ سۆزلەر تۈرلەنگەندە ئەسلىي ھالىتى بۇزۇلماي شۇ قەدەر توغرا تەلەپپۇز قىلىناتتى. بۇ تەرىپى باشقا جايلاردا كەمدىنكەم كۆرۈلەتتى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بىر نەچچە سۆزنى مىسال قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تارانىپ - تارىنىپ.
بولدۇ - بولدى.
بولمادى - بولمىدى.
چاپلاشۇالىپ - چاپلىشىۋېلىپ.
تاپىپ - تېپىپ.
ئالىپ - ئېلىپ.
كۆزۈنۈ - كۆزىنى.
ياپىپ - يېپىپ.
ياگى - يېگى.
قويمادىك - قويمىدىك.
گەپىك - گېپىك.
بارۇرمىز - بارارمىز.
بويۇدۇن - بويىدىن.
سۆزۈ - سۆزى.
كەتەر - كېتەر.
ئاچىپ - ئېچىپ.
جانىمىز - جېنىمىز.
يولنۇ - يولنىڭ.
يىغىنخانا - مەجلىسخانا. يىغىن مەيدانى.
مانۇ - ماۋۇ.
مانۇلار - ماۋۇلار.
ئايتقان - ئېيتقان.
ئالىۋال - ئېلىۋال.
يىغلاما - يىغلىما.
ئەدى - ئىدى.
ھەلىقى - ھېلىقى.
قوشۇقۇڭنۇ - قوشىقىڭنى.
ئايتسام ئايتتىم - ئېيتسام ئېيتتىم.
قاپاقىڭنى - قاپىقىڭنى.

تۈپ سۆزلەرنىڭ ھېچقانداق بۇزۇلماي تۈرلىنىشى تىلدىكى بىر خىل ساپلىق ھەم گۈزەللىكنىڭ روشەن ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق سۆزلەر لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بىر ئايالنىڭ ئېرى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېرىگە بولغان ۋاپادارلىقىنى ئىزھار قىلىپ مۇنداق قوشاق توقۇغان.

قوينۇڭنۇ ئاچ، يانىڭدا ياتادىمەن،
ئەرگە تەگمەي بالامنى باقادىمەن.
خىيال قىلسام بۇ دەردكە نىمە چارە،
قوشۇق ئايتىپ كۆڭلۈمنۇ ئاچادىمەن.

مەن شۇ قېتىم تىل شېۋىسى سۆزلۈكىدىن جەمئىي 214 نى توپلاپ، كېيىن ئۇنى چەرچەن، چاقىلىق، بۇگۇر تەۋەسىدىكى لوپلۇقلار ئارىسىدىن توپلىغان سۆزلۈكلەر بىلەن قوشۇپ ۋە ئۇنى يېڭىدىن توپلىغان سۆزلۈكلەر ئاساسىدا بېيىتىپ «لوپنۇر شېۋە سۆزلۈكى»نى تۈزۈپ چىقتىم. بۇ مېنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيان لوپنۇرغا قىلغان بىر نەچچە قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىمدىكى ئەھمىيەتلىك نەتىجىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

مەن قارچۇغىدا يەنە قالپاقنىڭ كېلىپ چىقىشى، تىكىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ھەققىدىكى بىلگىلەرنى ئىگىلىدىم. لوپنۇر قالپىقى ئەمەلىيەتتە لوپنۇر ئەرلىرىدىن باشقا چەرچەن، چاقىلىق، بۇگۇر، شايار، نىيە، كېرىيە، چىرا ۋە لوپ ناھىيەلىرىدىكى پېشقەدەملەر ئارىسىدا تېخى يېقىنقى زامانغىچە كىيىلەتتى. ھەر يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا بۇ ناھىيەلەردىكى بىر قىسىم ياشانغان كىشىلەر ئېتىزلىقتا ياكى باياۋانلارغا چىققاندا بۇ خىل قالپاقنى كىيىۋالاتتى. شۇڭا لوپنۇر قالپىقىنى خاس لوپنۇرلۇقلارلا كىيىدۇ دېگەندەك قاراشلار توغرا بولمىسا كېرەك.

مەن 2014 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى لوپنۇرغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ، ئىلگىرى ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنىڭ كەم قالغان تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ يازدىم. شۇنداق قىلىپ مەن «لوپنۇر شېۋە سۆزلۈكى»دىن باشقا يەنە «لوپلۇقلار بىلەن كېرىيەلىكلەر (دەريا بويىلىقلار)نىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى»، «لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى» ۋە «قىزىل گۈلۈم داستانىنىڭ تولۇقلىمىسى» دېگەن تېمىلاردىكى ماقالىلەرنى يازدىم.

ئىزاھلار:

(1) ئادىل مۇھەممەد، «قەدىمكى كىرۇران»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىلى 1 - نەشرى، ئۇيغۇرچە، 16 - بەت.

(ئاپتور: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

# مۇھەببەت قوشاقلىرى

ئۆستەڭ بويىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز.
ئاخشامقى قاراڭغۇدا،
قانداق كەتتىڭىز يالغۇز؟

بۇغداي تېرىدىم تۈزگە،
تېگى يازغا، تېگى كۈزگە.
مەيلىڭ يوقمىدى بىزگە،
چىقمايسەن تالا-تۈزگە؟

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
شال تىلىدۇ شالچىلار.
يانچۇقىدا پۇلى يوق،
پو ئاتىدۇ پوچىلار.

چاچىنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق،
سۇنىڭ سۈزۈكى بۇلاق.
سەن ئۇ يەردە يار تۇتساڭ،
ئاڭلاپ تۇرىدۇ قۇلاق.

چېچەكنى تارتتىڭمۇ؟
ئاپتاپتا قۇرۇتتۇڭمۇ؟
مەن سېنى ئۇنۇتمىسام،
سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟

قىزىل تاۋا كىيىپسەن،
يېشىل تاۋا كىيىپسەن.
ۋەدىنى ماڭا بېرىپ،
باشقىلارنى سۆيۈپسەن.

قوغۇننى پىچىپ قويسام،
يېمەي تۇرۇپ پۇرامسەن.
سۆزلەشكىلى مەن كەلسەم،
ئېغىز ئاچماي تۇرامسەن؟

كېتىپتىڭ كەلمىدىڭ يارىم،
ئوتۇڭدا كۆيدۈرەي دەمسەن؟
مېنىڭ ياشلىق باھارىمنىڭ،
شاخىنى سۇندۇراي دەمسەن؟



يارىشىپتۇ ئەجەبمۇ،
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن،
سېنىڭ ماڭغان كوچاڭغا؟

ئاق تاۋادا گۈلىڭىز،
ناماششامدا يولىڭىز.
قالاپ تۇرسام كەتتىڭىز،
كىمدە قالدى كۆڭلىڭىز؟

ئۆستەڭ بويىدا ئەمەن
مەن يارغا نېمە دەمەن؟
«ئاخشام كەلمىدىڭ» دېسە،
«چولام تەگمىدى» دەمەن.

بۇلبۇل سايراپ كەتتىمۇ؟
كاككۇك سايراپ كەتتىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



يار ئۇستىگە يار تۇتۇپ،
باشلىڭ كۆككە يەتتىمۇ؟

دۇتار پەدىسى پەدە،
پەدىسى يامان يەدە.
يىگىتنىڭ ۋەدىسى ۋەدە،
قىزنىڭ ۋەدىسى نەدە؟

قىزىلگۈل ئاراسىدا،
سېرىق سەمبە يوقلاندى.
شۇنچە يار ئاراسىدا،
مېنىڭ يارىم يوقلاندى.

تىراكتوردا ئولتۇرۇپ،
ئۆيتقانىڭىز ناخشىمۇ؟
كۆرۈشمىدۇق ئەجەبمۇ،
ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟

قارا قاش، ئېگىز بويۇڭ،
قاچان بولىدۇ تويۇڭ؟
خالىي يەرنى تاپقاندا،
چوككىدە سۆيۈپ قويۇڭ.

بېغىمدىكى ئالمىنى،
ئۈزۈپ بېرەي يەپ باقىن.
سەن ماڭا كۆيگەن بولساڭ،
راست گېپىڭنى دەپ باقىن.

تۇخۇم كۆمدۈم ئوچاققا،
ئېيتىلمىدى شۇ چاغقا.
ئىشەنچلىك يار بولسا،
بىر كېلەردى شۇ چاغقا.

ئاق ئالمىنىڭ ئىپقى ئاق،
ساناپ باقسام بىرسى تاق.
راست كۆيدۈڭمۇ يالغانمۇ،
ئۈز-ئۈزۈڭدىن سوراپ باق؟

تۇمۇچۇقتا دان بەرمەي،
ئاچتىن ئۆلسۇن دېدىڭمۇ؟
مەندىن ئۆزگە يارى يوق،
دەردكە تولسۇن دېدىڭمۇ؟

لوپ بېيمىش، لوپ بېيمىش،
لوپنىڭ قېشىدا دول بېيمىش.
سوراپ كېلگىلار قوشنىسىدىن،
يارنىڭ قېشىدا كىم بېيمىش؟

پىچاق ئالدىم چا دەستە،
بىزنى پات-پات يا دەتسىلە.
ئۆيلىرى يامان يەردە،
«ئەھۇ» دېسەم «با» دېسىلە.

دۇتارنى چالالامىلا؟
پەدىسىنى باسالامىلا؟
بىز ماڭغان كوچىلاردىن،
پۇتلاشماي ماڭالامىلا؟

قېرىم تارتىپ ئانا سالدىم،
قىپقىزىل ئانا بولدى.
سېنى ئەمدى سۆيەي دېسەم،
ساڭا نېمە بالا بولدى؟

تام ئۈستىدە ئولتۇرسام،
ئالما ئاتقان سەنمىدىڭ؟
كۆڭلۈمنى بېرەي دېسەم،
تاشلاپ قاچقان سەنمىدىڭ؟

ئايدىڭدا تۇغۇلدۇڭمۇ؟
ئاي ھۆسنىگە تولدۇڭمۇ؟
توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتتى،
بىر چىقمايسەن ئۆلدۈڭمۇ؟

يارىم ئۈيىنغان باغدىن،
بۇلبۇللار ئۇچۇپ كەتتى.
يارىمنىڭ كېلەر چېغىدىن،
بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى.

MIRAS

بېغىڭدىكى گۈللەرگە،
بۇلبۇل ئاشىق بولغاندۇ؟
كېچىككىنە شۇل يارنىڭ،
ئىچى دەردكە تولغاندۇ؟

يار دەيسەن ئېگىلمەيسەن،
مەيدەڭدە تۆمۈر بارمۇ؟
كېچىلەردە كەل دەيسەن،
خالىدا ئۆيۈڭ بارمۇ؟

مەيزاپ ئىچكەن پىيالى،
هاراق ئىچكەن پىيالى.
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
نەدە يۈرۈيسەن خىيالى؟

ئالما بەردىم مەن ساڭا،
سەن كۆڭلۈمنى بەرمەيسەن.
ئۈزۈن بولدى كۆيگىلى،
سەن نېمىشقا بىلمەيسەن؟

شورخانىغا بېرىپسىز،
يوقلاپ كېتەر دېمەپسىز؟
يارنى بۇنداق قىينىسام،
ئۆلۈپ كېتەر دېمەپسىز؟

ئوي-ئويلايسەن، ئوي-ئويلايسەن،
ئويچىمىدىڭ سەن.
تاغ باغرىدا ياتۋاپسەن،
قويچىمىدىڭ سەن؟

ئاقىنا كۆڭلەك كىيىپ،
كۆككىنە جىيەك تۇتۇپ.
ئاداشىڭىز يوقمىدى،
ئولتۇرۇپسىز ئېڭەك تۇتۇپ؟

دۆڭمۇ دۆڭ قۇمنى ساناپ،
ئالدىم قولۇمغا بىر راۋاب.
قايسى چۆللەردە يۈرەر،
مەڭزى قىزىل، باغرى كاۋاپ.

گۈلمىدىڭ ئاچىلغىلى،
بۇلبۇلمىدىڭ سايرىغىلى؟
ۋەدىڭىز شۇنداقمىدى،
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلغىلى؟

يارىم كېلىدۇ قاراپ،
سۇمبۇل ساچىنى تاراپ.
مەن يارغا نېمە قىلغان،
يامان كۆزىدە قاراپ؟

چوڭ چىراغنى ياندۇرۇپ،
كىچىك چىراغنى چاندۇرۇپ.
يارغا مەن نېمە قىلغان،
كېچىسى يول ماڭدۇرۇپ؟

ئاي بولۇپتۇ، يىل بولۇپتۇ،
ئوتتۇڭ ئىچىدە كۆيگىلى،
بىر كېلىپمۇ قويمىدىڭ،
مەن غېرىبنى سۆيگىلى.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالمىلارنى قاققان بىز.
يادىڭىزدا بارمىدۇ،
باغ-باغ ئېتىپ ياتقان بىز؟

دۇتارنى چالالامىلا؟
پەدىسىنى باسالامىلا؟
بىز كۆيگەن شۇ ئوتلاردا،
سىلە چىداپ تۇرالامىلا؟

ئاق تاۋارنى كىيەملا؟
كۆك تاۋارنى كىيەملا؟
ۋەدىنى بىزگە بېرىپ،
بۆلەك يارنى سۆيەملا؟

باغدىكى ئۆرۈكلەرگە،
قويغىنىڭىز ئاچىمۇ؟
شەرەت قىلىپ كۈلسىز،
سۆيگىنىڭىز گاچىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىشىكىڭىز ئۇچۇق قاپتۇ،
ئۆيىڭىزدە دەم يوقمۇ؟
دائىم كۈلۈپ ئوينايسىز،
ئىچىڭىزدە غەم يوقمۇ؟

خاماندا قوندى كەپتەر،
قونغىلى پەغەز يوقمۇ؟
پات-پات خەت يېزىڭ دېسەم،
يازمايسىز قەغەز يوقمۇ؟

قاشلارىڭ ئەجەب قارا،
كۆزۈڭدە خۇمار بارمۇ؟
مەن ساڭا تولا كۆيدۈم،
بوينۇڭدا تۇمار بارمۇ؟

ناخشا ئېيتسام تاشيولدا،
ئۈنۈمنى تونالامسەن؟
ئۆزۈڭ قىلغان ۋەدەڭدە،
ئۆمۈرلۈك تۇرالامسەن؟

قاشىڭىزنىڭ قاراسى،
سېپىلگە چۈشتى سايىسى.
ئۇنچىمۇ يىراق بولارمۇ،
ئىككىمىزنىڭ ئاراسى؟

ئۆيىڭىز يول ياقىسى،
ئاڭلىمايسىز ناخشىنى.
سىزنى مەن ھوشيار دېسەم،
تاللىمايسىز ياخشىنى.

ئەجەب كەتمىدىڭ كەكلىك،
پىشايۋاندىكى خەدىن.
ياردىن ئۈچۈر كەلمىدى،
مەن ئىزدەپ تاپاي نەدىن؟

قاشلىق ئەتمىسەڭ يارىم،
قاشىڭدىكى يەتمەمدۇ؟
ئاشنا تۇتمىساڭ يارىم،
يانىڭدىكى يەتمەمدۇ؟

ئېرىقىڭنى مەن چاپتىم،
سۈيىڭىزنى كىم ئاچتى؟
دەردىڭىزنى مەن تارتتىم،
قوينىڭىزدا كىم ياتتى؟

ئەسلىدىم كۈندە سىزنى،
كېچە-كۈندۈز يادىمدا سىز.
ئالتە ئاي بولدى كۆرمىدىم،
شۇ چىرادا يوقمۇ سىز؟

چىرايىمغا قارايسەن،
ئاي كۆرۈندۈممۇ ساڭا؟
كۆز ئالدىڭدا تولا يۈرسەم،
خار كۆرۈندۈممۇ ساڭا؟

يارىم چاينى ئەكەپتۇ،
ئاق گۈللۈك پىيالىدا.
گەپ قىلماي تۇرۇپ قاپتۇ،
كىم باركىن خىيالىدا؟

ياراشىپتۇ ئەجەبمۇ،
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
قاچانغىچە كېلىمەن،
دىۋانىدەك كوچاڭغا؟

قاپاق تېرەك ئالدىدا،
ھويلاڭ بارمىدى يارىم؟
سۇغا چىقسام قارايسەن،
كۆڭلۈڭ بارمىدى يارىم؟

بادام دوپپىلىق يارىم،
قوناقتا سۇ ئاچاي دەملا؟
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
چوڭ يولچە قاچاي دەملا؟

ئاقمىدۇ بىلەكىڭىز؟
كۆكمىدۇ بىلەكىڭىز؟
شۇنچە قىلسام بىلمەيسىز،
تاشمىدۇ يۈرەكىڭىز؟

يېڭى باغقا كىرسىڭىز،
قول ئۇزاتماڭ يېمىشكە.
يار كەچتە باراي دېگەن،
كەلمىگەندۇ نېمىشكە؟

ئاققىنا ئىشتان كىيىپسىز،
نېمدە باغ ئەتتىڭىز؟
سىز ئۇ يەردە، مەن بۇ يەردە،
كىملەرنى ياد ئەتتىڭىز؟

كېلىپ قالدىم مەللىگە،
شوتا قويدۇم چەللىگە.
چىقسۇن دېسەم چىقمىدىڭ،
ئېيتىپ قويسام دەللىگە؟

ئېرىقىڭىزنىڭ سۈيىنى،
نەگە باشلىدىڭ يارىم؟
يېڭى يارنى كۆرگەندە،
مېنى تاشلىدىڭ يارىم.

قوغۇننى تىلىپ قويدۇم،
ئۆزۈڭ يېمەي تۇرامسەن؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلسەم،
لام-جىم دېمەي تۇرامسەن؟

قولۇڭدىكى ئۈزۈكنى،
ئاي شەكلىدە سوقانمۇ؟
ئاناڭ سېنى ئارزۇلاپ،
مېنىڭ ئۈچۈن تۇغقانمۇ؟

ھۆل ئوتۇنغا ئوتنى ياقسام،
ئوتۇڭ يانمىدى دەيسەن.
ئايدا، يىلدا سۆيۈپ قويۇپ،
كۆڭلۈم قانمىدى دەيسەن.

ئۆيىڭىز كۆل باشىدا،
يەلپۈنىدۇ گۈللەرىڭىز.
ئۆزىڭىز قانچە كىشى،
كۆيدۇرەدۇ خۇيلارىڭىز؟

ئاق تاۋا شاپاق بۆكەم،
شاپتۇل شاخىدا قاپتۇ.
يازدىن ئويىنغان يارىم،
نەدە ئايرىلىپ قاپتۇ؟

باشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
گۈلى نەچچە ساناپ باق.
بىز ئىككىمىز ئوينايلى،
خان ئاچاڭدىن سوراپ باق.

كىچىككىنە پەنجىرەڭدىن،
ئىككىيلەن پاتتۇق.
قىلماس ئىشنى قىلىپ قويۇپ،
دەردىنى تارتتۇق.

ئۇ يايلاقتىن بۇ يايلاققا،
تاقلاپ ئوينامسەن؟
باغدا باققان قوزىچاقتەك،
شوخلاپ ئوينامسەن؟

بېغىڭدا ئۆرۈك بارمۇ،
خوندەك يېگىلى كەلدىم؟
لېۋىڭدە ناۋات بارمۇ؟
شوراپ سۆيگىلى كەلدىم؟

ئۇشبۇ خەتنى مەن يازدىم،
ئالتۇن ئۇچلۇق قەلەمدە.
مېنى ئەسلەپ قويامسىز،
ماڭغان ھەر بىر قەدەمدە؟

ئاقچى قوغۇن يېگەنمۇ؟
كۆكچى قوغۇن يېگەنمۇ؟
بىز باشتا دېيىشكەندە،
ئايرىلارمىز دېگەنمۇ؟

«چىرا خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى

تەييارلىغۇچى: **نۇرنىسا باقى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق قوراللىرىمىز

مۇھەممەدجان تىلىۋالدى

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىگە يۈزلەنگەن ۋە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىقتىن تەدرىجىي ھالدا ئۆزىگە خاس ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى بەرپا قىلغان، شۇنداقلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى «تەرىغچى» دەپ ئاتىغان.

ئەجدادلىرىمىز دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى باشلىغان دەسلەپكى دەۋرلەردىن باشلاپلا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن نەچچە يۈزلىگەن تۇرمۇش ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساپ پايدىلانغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ تۇرمۇش ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ بىر قىسمىلىرى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئېتىز - ئېرىق، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمىلىرى دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئاستا - ئاستا خەلقىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ۋە ئىستېمالىدىن قالماقتا. تۆۋەندە بىز خەلقىمىز ئۆتمۈشتە ئىشلەتكەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ بىر قانچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

## بوقۇسا

بوقۇسا — خەلقىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت رول ئوينىغان بولۇپ، بوقۇسىنى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە: «بۇقۇرسى — بوقۇسا» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 3 - توم، 333 - بەت) دەپ تىلغا ئالغان. بوقۇسا ئادەتتە ئۆرۈك، ئۈجمە، جىگدە دەرەخلىرىنىڭ ئەگرى

(بۇلۇڭ شەكلىدە) ئۈسكەن غولىدىن تىك تەرىپى تەخمىنەن 80 سانتىمېتىر، يانتۇ تەرىپى (يەر ھەيدەيدىغان تەرىپى) 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۇچلۇق قىلىپ ياسىلىپ، تىك تەرىپىنىڭ ئۈستى تەرەپ ئارقىسىغا تۇتقۇچ بېكىتىلەتتى. يانتۇ تەرىپىنىڭ ئۇچىغا چويۇندىن بىلقىنىڭ بېشى شەكلىدە قۇيۇپ ئىشلەنگەن چىش كىيگۈزۈلەتتى. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە: «تىش — چىش. بوقۇسنىڭ، ساپاننىڭ چىشى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 - توم، 173 - بەت) دېيىلگەن. بوقۇسا يەنە بىر قانچىلىغان سايمان - جابدۇقلار بىلەن كالىغا چېتىلغاندىن كېيىن، قوش ھەيدىگۈچى بىر قولى بىلەن بوقۇسنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن كالىنى ھەيدىسە، بوقۇسا ئۇچىدىكى چىش يەرنى يېرىپ ماڭاتتى، بۇنىڭ بىلەن يەر بوشىتىلىپ، ئۇرۇق سېلىش شارائىتى ھازىرلىناتتى.

ساپان

ساپان — بوقۇسدىن تەرەققىي قىلغان دېھقانچىلىق سايمىنىدۇر. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ساپان~ ساپان، قوش» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 - توم، 523 - بەت) دېيىلگەن. ساپان دەسلەپتە تاشتىن ياسالغان بولسا، كېيىن تەرەققىي قىلىپ تۆمۈردىن ياسىلىدىغان بولغان. ئىلگىرى ساپان ئات، ئېشەك، كالا قاتارلىقلارغا سۆرىتىلىپ يەر ئاغدۇرۇلاتتى. ھازىر ساپان چوڭ - كىچىك تراكتورغا چېتىلىپ يەر ئاغدۇرۇلىدىغان بولدى. لېكىن شەكلىدە كۆپ ئۆزگىرىش يوق. ساپان تىغى ئۆتكۈر كېلىدۇ، ئۇ ساپان چىشى دېيىلىدۇ. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «تىش~ چىش. بوقۇسنىڭ، ساپاننىڭ چىشى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 - توم، 173 - بەت) دېيىلگەن. ساپان چىشى يەرنىڭ نەچچە سانتىمېتىر چوڭقۇر يېرىگىچە پاتۇرۇلۇپ كۈچ بىلەن تارتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەر ئوڭ - سول ئۆرۈلۈپ ئاغدۇرۇلىدۇ. بۇ يەر ھەيدەش (ساپانلاش) دېيىلىدۇ. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە: «ساپانلىدى ~ ساپان سالدى. ئول يەرنىڭ ساپانلىدى ~ ئۇ يەرگە ساپان سالدى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 - توم، 468 - بەت) دېيىلگەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە يەنە «ساپان ۋاقتىدا پۇختىلىق بولسا، خامان ۋاقتىدا جاڭجال بولماس. بۇ ماقال كېيىن جاڭجال چىقماسلىقى ئۈچۈن، ئىشنى باشتا پىششىق ئىشلەشنىڭ لازىملىقىغا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 - توم، 523 - بەت)، «ساپان ۋاقتىدا تالاش - تارتىش قىلىنسا، خامان ۋاقتىدا جاڭجال بولماس («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 2 - توم، 307 - بەت) دېگەن ماقال - تەمسىلمۇ ئۇچرايدۇ.

ساپاننىڭ ئىشلىتىلىش تارىخى ئۇزاق بولۇپ، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قىزىل مىڭئۆينىڭ 175 - ھۇجرىسىدىن كەتمەن چېپىۋاتقان ۋە قوش (ساپان) ھەيدەپ يەر ئاغدۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشتىكى بىر پارچە تام رەسىمى تېپىلدى. بۇنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا مەرھۇم ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بايقىغان ۋە ئۇنىڭغا «دېھقانچىلىق رەسىمى» دەپ نام قويغان. بۇ رەسىمدە كالتە يەڭ كۆينەك ۋە دوپپا كىيىپ، تامبىلىنى تىزىنىڭ ئۈستىگىچە تۈرۈپ قويۇپ يالاڭ ئاياغ ھالەتتە كەتمەن چېپىۋاتقان ئىككى ئۇيغۇر دېھقان بىلەن ئىككى ئۆكۈز قوشۇلغان ساپاننى ھەيدەپ يەر ئاغدۇرۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر قوشچىنىڭ ئوبرازى ناھايىتى ئېنىق ھەم جانلىق تەسۋىرلەنگەن.

سوقا

سوقا — گۈرۈچ ئاقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، 1.5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى كويلىغا يانتۇ ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا چوڭ چاقپەلەك ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇ ئون مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچنىڭ ئۇچىغا تۇتاشتۇرۇلاتتى. ئوق ياغاچنىڭ ئىككى تەرىپىگە چاق پەلەك چىقىرىلىپ، چاقپەلەكنىڭ ئايلىنىشى بىلەن سوقا ياغاچ نۆۋەت بىلەن سوقا ئىچىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن سوقا ئىچىدىكى شالنىڭ گۈرۈچى بىلەن قاسرىقى ئايرىلاتتى، ئاندىن سۇ كۈچى بىلەن ئايلىنىدىغان شامالچە ئارقىلىق گۈرۈچ پاك - پاكىز ئادالىناتتى، زامانىۋى گۈرۈچ ئاقلاش ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن ياغاچ سوقىلار ئەمەلدىن قالغان.

سۆرەم

سۆرەم — دېھقانچىلىقتا ئۇرۇق سالغان يەرلەردىكى تاپ توپىسىنى ئۇرۇقنىڭ ئۈستىدىن كۆمۈشكە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل دېھقانچىلىق سايمىنى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ئول يەرنىڭ يەپۈرۈتتى~ ئۇ يەرنى يوپۇرۇتتى، يەنى سۆرەم سېلىپ تەكشىلەتتى»، («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 3 - توم، 592 - بەت) دېيىلگەن. سۆرەم ئادەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



يوغان، توم ئۇرۇك ياغىچىنى ئۇزۇنلۇقى 2.5 ~ ئۈچ مېتىر، قېلىنلىقى ئون سانتىمېتىر ئەتراپىدا ھەرىدەپ تەكشىلىنىپ، رەندە سېلىنىپ ياسىلاتتى، ئاندىن سۆرەمنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ مۇۋاپىق يېرىگە سۆرەم چېتىلىدىغان ھايۋاننىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ئەپلىك قىلىپ ئوق ياغاچ بېكىتىلەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوق ياغاچنىڭ ئۇچى تەرىپىگە ئارغامچا ئورنىتىلاتتى. سۆرەم چېتىلغان ھايۋاننى ئېتىز ئۈستىدە ماڭدۇرغاندا، سۆرەمنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئاغدۇرۇلغان يەر تەكشى تۈزلىنەتتى، ئادەتتە ئۇرۇق سالغان يەرلەرگىمۇ سۆرەم سېلىناتتى. سۆرەم سېلىشنى 11 - ئەسىردە «چىگنەدى» دەپ ئاتايدىغانلىقىمۇ مەلۇم. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەريي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «چىگنەدى — سۆرەم سالدى. ئەر چىگە چىگنەدى — ئادەم سۆرەم سالدى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 - توم، 412 - بەت) دەپ ئۇچۇر مەلۇمات بەرگەن.

## تۇلۇق

تۇلۇق بۇغداي، شال، زىغىر، قىچا، تېرىق، ئارپا، سېرىق پۇرچاق قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنىڭ دېنىنى ئاجرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا تاشتىن دېھقانچىلىق قورال-سايمانلىرىنى ياساپ ئىشلەتكەن، تۇلۇق شۇ ۋاقىتلاردىن تارتىپلا دېھقانچىلىق سايمىنى بولۇپ كەلگەن.

تۇلۇق ياساشتا ئادەتتە تۇلۇق ياساشقا بولىدۇ دېگەن تاشنى ياسىلىدىغان تۇلۇقنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن، تاشنىڭ ھەر 10 — 15 سانتىمېتىر ئارىلىقىغا سۇمبە بىلەن تۆشۈك تېشىپ، تۆشۈكلەرگە سۇمبىنى تەكشى ئۇرۇپ، تاشنى يولى بويىچە ئىسكىنە ئارقىلىق پارچىلاپ، پارچىلانغانلىرىنى تۇلۇق ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ئىچكى بېشىنى ئىنچىكىرەك، سىرتقى بېشىنى تومراق ھالەتتە سىلىندىر شەكلىدە ياساپ، ئىككى بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كۆزنەك ئورنىتىلىدىغان تۆشۈك ئېچىپ، كۆزنەك ئورنىتىپ، ياغاچتىن ياسالغان جازىغا ئالىدۇ. تۇلۇق جازىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى بالداققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەركەك تۆرۈم تۇلۇقنىڭ كۆزنىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، تۇلۇق جازىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە مۇستەھكەم پانا-شىنالار قېقىلىپ، جازا تۇلۇقنى قويۇۋەتمىگۈدەك ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ.

تۇلۇق ئادەتتە ئىشلىتىلىش ئورنىغا ئاساسەن ئالتە قىرلىق، سەككىز قىرلىق، ئون قىرلىق دەپ ئايرىلىدۇ. ئاز قىرلىق تۇلۇقلار بۇغداي، ئارپا، تېرىق، سۇلۇ ۋە شال قاتارلىق دېنى تەستە ئايرىلىدىغان دانلىق زىرائەتلەرنى سوقۇش (ئايرىش) ئۈچۈن، كۆپ قىرلىق تۇلۇقلار سېرىق پۇرچاق، قىچا، زىغىر ۋە باقلا قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى سوقۇش (ئايرىش)قا ئىشلىتىلىدۇ. تۇلۇقنىڭ ياغىچاق دېگەن يەنە بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ قىرى بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت بورا توقۇش ئۈچۈن تەييارلىغان قومۇشنى ئېزىش، كولا، ئارغامچا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چىغ، چىغىرتماق، شال ۋە زىغىر پاخاللىرىنى يۇمشىتىشتا ئىشلىتىدۇ.

## كەتمەن

كەتمەن ئۇيغۇرلارغا كەڭ ئومۇملاشقان دېھقانچىلىق قورالى بولۇپ، ئادەتتە تۆمۈردىن ياسىلىدۇ. يۈزىگە ھەر خىل گۈل چېقىرىلىپ، ئىككى تەرىپىگە ئىككى قۇلاق قويۇلىدۇ، يۈزى يۇمىلاق كېلىدۇ. ئارقا تەرىپىگە چۇلدا چىقىرىلىپ ياغاچ ساپ بىلەن ساپلىنىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «كەتمەن ~ كەتمەن» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1- توم، 579 - بەت) دېيىلگەن.

كەتمەننىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي كۈچى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ كەتمەنلەرمۇ چوڭ - كىچىك سوقۇلىدۇ. ھەرقايسى جايلارنىڭ كەتمەنلىرى شەكىل جەھەتتىن ئازدۇر - كۆپتۇر پەرقلىنىدۇ. كەتمەننىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىكى ئىشلىنىش ئورنى ۋە رولى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ چەبدەسلىك ۋە ئەمگەكچانلىق روھىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، كەتمەننىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئەمگەكچى خەلقنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان مۇھىم بىر تارىخىي تۆھپىسى دېيىشكە بولىدۇ.

خەلقىمىز ئارىسىدا كەتمەنگە مۇناسىۋەتلىك «كەتمەن چاپقان جىگدە يەپتۇ، ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ»، «ھۇد، كەتمەن سېپىنى تۇت»، «كەتكەنلەر كېلەر، كەتمەنلەنگەن كەلمەس»، «ئىشچاننىڭ كەتمەن تۇتۇشىغا باق، ھۇرۇننىڭ ئولتۇرۇپ - قوپۇشىغا باق»، «كەتمەنگە ساپ ياخشى، ئادەمگە دوست ياخشى»، «كەتمەن بىلەن يەر كۆكرەر، مېھنەت بىلەن ئەر كۆكرەر»، «كەتمەن ئەرنىڭ قولىدا، چۆمۈچ ئايالنىڭ قولىدا»، «كەتمەن چاپساڭ ئەپلەپ چاپ، يەر تومۇرىنى

ئىزدەپ چاپ»، «كەتمەن دەردىنى قول بىلەر، لەززىتىنى تىل بىلەر»، «كەتمەن سېپى بىلەن، ئادەم ئېتى بىلەن» دېگەنگە ئوخشاش ماقال ـ تەمسىللەر كەڭ تارقالغان.

ياغاچ تىرنا

ياغاچ تىرنا — ئاغدۇرۇلغان يەرلەرنى تاتىلاپ، بىر جەھەتتىن يەرنى تۈزلەش، يەنە بىر جەھەتتىن ئېتىزلاردىكى قوش ھەيدىگەندە چىققان ئوت ـ چۆپ يىلتىزلىرى، سولياۋ يوپۇق قالدۇقلىرىنى يىغىپ ئېلىۋېتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى.

ياغاچ تىرنا — ئادەم بارماقلىرىنىڭ يېرىم يىغىلغان ھالىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ياغاچ تىرنا ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئون سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۆرۈك ياغىچىنى سىلىقلاپ تەييارلاپ، ئۇنىڭ بىر يۈزىگە تەكشى قىلىپ تۆشۈك ئېچىلىپ، يۇلغۇن ياغىچىدىن چىش سېلىنىپ، ئىككى باش تەرىپىدىن ئارغامچا ئورنىتىشقا ماس قىلىپ تۇتقۇچ بېكىتىلىپ ياسىلاتتى. ئادەتتە ئۇ ھايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىشلىتىلەتتى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن تۆمۈردىن ياسالغان تىرنىلار بارلىققا كېلىپ، ياغاچ تىرنا ئىشلىتىش ئىستېمالدىن قالغان.

ئوتغۇچ

ئوتغۇچ — زىرائەت ئارىسىغا ئۈنگەن تۈرلۈك ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاش ۋە توپىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى بولۇپ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ئوتادى ~ ئوتىدى. ئول تەرىغ ئوتادى ~ ئۇ زىرائەت ئوتىدى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 3 ـ توم، 344 ـ بەت) دېيىلگەن. ئوتغۇچ ھەر خىل شەكىللەردە نېپىزلىتىلگەن تۆمۈردىن يۈزلۈك، بىس، بويۇن ۋە دەستە بېكىتىش كوزىسى چىقىرىلىپ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە كۆكتات ئوتاشتا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك قالاقسىمان تۈردىمۇ بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزلۈكى ئالىقانچىلىك، سېپى چوكا توملۇقىدا، ئۇزۇنلۇقى 15 — 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، كالا مۈڭگۈزى ياكى ياغاچ بىلەن توغرىسىغا ياكى تىكىگە مۇۋاپىق دەستىلىنىدۇ.

«يالغۇز ئوغۇل»

ئۆتمۈش زامانلاردا تاغارغا توپا، قىغ قاتارلىقلارنى ئۇسۇش (قاچىلاش) توغرا كەلگەندە ئىككى ئادەم بولۇش، بىرسى تاغارنى ئېچىپ بەرسە، بىرسى ئۇسسۇپ بېرىش كېرەك ئىدى. ئەجدادلىرىمىز ئەقىل ئىشلىتىپ، بۇ مەشغۇلاتنى بىر ئادەم بىلەنلا بېجىرىشنىڭ چارىسىنى تاپقان، يەنى بىر تال توغرا ياغاچنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ئىككى تال ياغاچنى تىك بېكىتىپ تاغار ئاغزىنى ئىلىپ قويۇشقا، ئوتتۇرىدىن بىر تال تۆشۈك ئېچىپ، يەرگە يانداش بىر تاختاي بېكىتىپ، تاغارنىڭ يەقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاستى تەرىپىنى ئۇنىڭغا دەسسىتىپ قويۇپ ئىشلەتكەن. بۇ دېھقانچىلىق قورالى «يالغۇز ئوغۇل» دەپ ئاتالغان.

سېۋەت

سېۋەت — ئىچىگە نەرسە ـ كېرەك سېلىش ۋە دېھقانچىلىقتا سامان، توپا، قىغ قاتارلىقلارنى توشۇش ئۈچۈن دەرەخ چىۋىقلىرىدىن يۇمىلاق، ئېللىپس ۋە قاپقاقلىق ھالەتتە توقۇلىدىغان تال توقۇلما بۇيۇمى. سېۋەت توغرۇلۇق «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «سەۋدىچ ~ سېۋەت. ياش نوتىلاردىن توقۇلۇپ، ئىچىگە مېۋە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سالىدىغان نەرسە» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 ـ توم، 593 ـ بەت)، «ئۆرۈدى ~ ئۆرۈدى. ئۇ سېۋەت ئۆرۈدى. يىپ ياكى چىۋىقتىن قول بىلەن بىر نەرسىنى ئۆرۈشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ»، («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 ـ توم، 233 ـ بەت) دەپ ئۇچۇر ـ مەلۇمات بېرىلگەن.

سېۋەت توقۇشتا ئالدى بىلەن توغراق، سۆگەت، ئۇجمە، يۇلغۇن ۋە تال قاتارلىقلاردىن چىۋىق كېسىۋېلىنىدۇ. كېسىۋېلىنغان چىۋىقلار ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى بويىچە تاللىنىپ ئايرىلىدۇ. ئاندىن توقۇماقچى بولغان سېۋەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئالدىن پىلانلىۋېلىپ شۇنىڭغا قارىتا سېۋەتنىڭ تۈۋى سېلىنىدۇ. سېۋەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن سېۋەتنىڭ تۈۋىنى سېلىش ئۈچۈن سېلىنىدىغان چىۋىق سانى ئوخشىمايدۇ. ئادەتتە 16 تال، 20 تال، 24 تال چىۋىق ئىشلىتىلىدۇ، تۆت گۇرۇپپا چىۋىق ئۈستى ـ ئۈستىلەپ توقۇلۇپ سېۋەت تۈۋى ھاسىل قىلىنىدۇ. شۇنىڭدا سېۋەت تۈۋىنى سېلىش ئۈچۈن جەمئىي 24 تال چىۋىق كېتىدۇ. سېۋەت تۈۋى پۈتكەندىن كېيىن، سېۋەت تۈۋىدىكى چىقىپ قالغان چىۋىق ئۇچلىرى قايچا بىلەن كېسىپ ئېلىۋېتىلىپ، سېۋەت تۈۋى تەكشىلىنىدۇ. ئاندىن ئىككى تال چىۋىق غوللارغا ئالماشتۇرۇپ توقۇلۇپ، غوللار قايتا مۇستەھكەملىنىدۇ. ئاندىن سېۋەت بېغى مۇۋاپىق

uyghurkitap.com



بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، توقۇش باشتىكى تەرتىپ بويىچە داۋام قىلىدۇ. يەنى ئىككى تال چوڭىق ئېلىنىپ، بىرى غولنىڭ كەينىدىن تەرتىپ بويىچە ئۆتكۈزۈلۈپ توقۇلىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىككى چوڭىق ھەر بىر غولنى ھەم باغنى بىر قېتىم يۆگەپ چىقىدۇ، يەنى سېۋەت بېغى غولنىڭ ئارىسىغا ئېلىنىپ توقۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باغ سېۋەت تېگىگە مۇستەھكەم باغلىنىدۇ. ئاندىن بىر تال چوڭىق ئېلىنىپ، تەرتىپ بويىچە توقۇلۇپ كەلگەن غولغا سانجىلىپ توقۇش باشلىنىدۇ. شۇ بويىچە ئىزچىل توقۇلۇپ، ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان سېۋەت ئېگىزلىكىگە بەش- ئالتە سانتىمېتىر قالغاندا توختايدۇ. سېۋەتنىڭ ئاغزىنى يىغىشتا، ئالدى بىلەن 48 تال يوغان ئۈچ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا سېۋەت ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ تۇرغانلىرى شۇ بويىچە قالدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بەزى يوغان ئۈچلار سېۋەت ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، كېسىپ ئېلىۋېتىلىپ، سېۋەت ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ قالدۇرۇلىدۇ.

خەلقىمىزدە سېۋەتكە مۇناسىۋەتلىك «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ»، «سېۋەت سىپىدىن بىلىنەر، باخشى دېپىدىن بىلىنەر»، «سېۋەتتە سۇ توختىماس»، «سېۋەت توشقاندا تېزەك ئۈچراپتۇ»، «سېۋەتكە سۇ ئۇسسۇپتۇ»، «سودىگەر مال تاللايدۇ، سېۋەتچى تال تاللايدۇ» دېگەندەك ماقال- تەمسىللەر بار.

ياغاچ ئارا

دېھقانلار دېھقانچىلىق ئەمگىكىدە ئاساسەن ياغاچتىن ياسالغان ئارا ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن. ياغاچ ئارىنىڭ ئىككى قوللۇق ئارا، ئۈچ قوللۇق ئارا، بەش قوللۇق ئارا، يەتتە قوللۇق ئارا ۋە سەككىز قوللۇق ئارا دېگەن تۈرلىرى بار.

ئارا ئاساسەن ئىرغاي ياغىچى بەزى جايلاردا يۇلغۇن تېلىدىن ياسىلىدۇ. ياغاچ ئارا ياساش ئۇسۇلى ئاۋۋال ئىرغاي ياكى يۇلغۇن تېلى قۇرۇتۇلۇپ سۇغا چىلىنىدۇ. سۇغا چىلىنىپ، تاللىرى يۇمشىغان ئىرغاي ياغىچى ۋە يۇلغۇن تاللىرى كۆيۈپ كەتمىگۈدەك تەپتى بوشراق ئوتقا كۆمۈپ پۇچىلىنىدۇ. پۇچىلانغان ئىرغاي ۋە يۇلغۇن تاللىرى ئارا قوللىرىنى ئېگىپ كەلتۈرۈش قېلىپىغا سېلىنىپ، يان قوللىرىغا ئالاھىدە مۇرە چىقىرىلىپ، يان قول ۋە ئوتتۇرا قوللارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى تەڭشىلىپ، سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ ساپقا ئېلىنىدۇ. ساپقا ئېلىشتا ئارا قوللىرىنىڭ ساپقا ئۇلىنىدىغان يېرى ئارا سىپىغا جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، پاتاڭ بىلەن مۇستەھكەم تېڭىلىدۇ. پاتاڭ - كالا پاتىقى بولۇپ، كالا سويۇلغاندا ئۇزۇن ھالىتىدە ئېلىنىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلۇپ، ئىشلىتىلىدىغان ۋاقىتتا سۇغا چىلاپ يۇمشىتىلىپ، ئىنچىكە يىپ شەكلىدە تىلىنىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئارا ساپقا ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئارا قوللىرىنىڭ بىر يەرگە يىغىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ئوشۇقچە سېلىنىدۇ. ئوشۇقچە ئارا قوللىرىنىڭ كەڭلىكىنى ئۆلچەم قىلىپ تەييارلانغان تۆت قىرلىق سىپتا ياغاچ بولۇپ، ئارا قوللىرىنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئارا قولى قانچە بولسا ئوشۇقچىنىڭ شۇنچە يېرىدىن تۆرۈم ئېلىنىپ، ئارا قوللىرى شۇ تۆرۈملارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ياغاچ ئارا ياسىلىپ بۇ ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن، ئارا قوللىرى يەنە بىر قېتىم ئىتتىك تىغلىق ئەسۋابتا سىپتىلىنىپ قېلىپقا ئېلىنىدۇ. ئارا قوللىرىنى قېلىپقا ئېلىش ئارىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش، ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇش ۋە ئارا قوللىرىنىڭ قېيىپ كاردىن چىقماسلىقى ئۈچۈندۇر. ئىككى قوللۇق ئارا تۆمۈردىنمۇ ياسىلىدۇ، بەزى جايلاردا ئۈجمە ياكى قارىياغاچنىڭ قاۋۇلراق ئاچا بادراڭلىرىدىنمۇ ياسىلىدۇ. بۇ ئارىنىڭ تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇپ، ئاساسەن باغ بېسىش، زىرائەت ئۇنچىلىرىنى يېيىپ ئاياغ سېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۈچ قوللۇق ئارا ئاياق ئۆرۈش، پاخال چىقىرىش ۋە پاخال بېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بەش قوللۇق ئارا، يەتتە قوللۇق ئارا، سەككىز قوللۇق ئارىلار مەخسۇس توپان سورۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

كاتىل

كاتىل ئىككى خىل بولۇپ، بىرسى ئۆرۈك، جىگدە دەرىخىنىڭ ئاچىماق ئۆسكەن غولىدىن ئادەتتىكىلا ياسىلاتتى، ئۇنىڭ ئۆتقۇچ تەرىپى ئۇزۇنراق، سىيرىيدىغان تەرەپى كالتىراق بولاتتى. ئۇ بۇغداي خامىنىدا ئەنجە يۆتكەش، ئۆرۈشكە ئىشلىتىلەتتى. يەنە بىر خىلى يەڭگىل ئىككى تال چاسا ياغاچنى ئىككى يەردىن چاتقاندىن كېيىن، يەنە ئىككى تال ياغاچ ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە بولۇڭ شەكلىدە بېكىتىلىپ چېتىقلىناتتى. مۇشۇنداق شەكىلدە ئىككىسى ياسىلىپ، ئۈستى تەرەپتىن تانا بىلەن چېتىلغاندىن كېيىن، ئىشەككە ئارتۇق ئېتىپ، شاخ - شۇمبا، بۇغداي ئەنجىسى، بېدە، قومۇش، ئوتۇن قاتارلىقلار توشۇلاتتى.

توقۇناق

توقۇناق — جىگدە ياكى ئۆرۈكنىڭ ئاچىماق ئۆسكەن غولىنى تەخمىنەن 15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ، بىر تەرىپىنى ئۈچلاپ، يەنە بىر تەرىپىگە ئارغامچا چىگىلىدىغان بەلدەم چىقىرىپ ياسىلىدىغان بولۇپ، بۇغداي ئەنجىسى، شاخ - شۇمبىلارنى يۇدۇپ توشۇشتا ئارغامچىنى ئېلىپ ئىشلىتىدىغان ئاددىي دېھقانچىلىق قورالى ئىدى.

سەكسەنپۇت

سەكسەنپۇت — ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.5 مېتىر، دىيامېتىرى 40 - 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان دەرەخ غولى ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تۇتقۇچ ياسىلاتتى. غول ياغاچتىن ئارىلىقى تەخمىنەن ھەر ئون سانتىمېتىر ئارىلىقتا تاقا - تۇقا تۆشۈكلەر ئېچىلىپ، سىرتقى ئۇچى كەكىنىڭ بىسى شەكلىدە تەييارلانغان ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ قوزۇقلار قېقىلاتتى. ئاندىن تۆشۈك ئېچىلغان ئىككى تال تاختاينىڭ تۆشۈكىنى تۇتقۇچقا كىيگۈزۈپ، يەنە بىر ئۇچىنى ئارغامچا بىلەن چىگىپ ئات ياكى كالىغا چېتىپ، بۇغداي ئەنجىسى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ بەرسە، ئەنجە يانجىلىپ، خامان يۇمشىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى.

زەمبىل

زەمبىل — ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن 1.20 مېتىر كېلىدىغان سۆگەت ياكى جىگدىنىڭ ئىككى تال كالتەكى دەستە قىلىنىپ 50 سانتىمېتىر كەڭلىكتە پاراللېل قويۇلۇپ ئارىلىقتا يۇلغۇن، سېرىق سۆگەت ياكى توغراق تالچىسىدىن تۆت تالدىن جۈپلەپ تۆت قاتار ئۆرۈش قويۇلغاندىن كېيىن ئاقاق تال بىردىن-بىردىن دەستىگە يۆگىلىپ ئۆرۈشتىن ئاتلىتىش ئارقىلىق توقۇلاتتى. بۇ لايچىلىق ئىشلىرى، قىغ چىقىرىش ۋە تۇپا يۆتكەش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلەتتى. كېيىنچە ئىككى تال دەستىگە (ساپقا) خىمىيەۋى ئوغۇت خالتىسىنى كىيدۈرۈش ئارقىلىق ئاددىي ۋە تەننەرخى ئەرزان، چىدامىلىق زەمبىل ياسىلىپ ئىشلىتىلىدىغان بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن رېزىنكە چاقلىق، تۆمۈر ساندۇقلۇق غالتەكلەر ئومۇملىشىپ تالدا توقۇلغان زەمبىللەر ئاستا - ئاستا ئەمەلدىن قالغان.

سۇكەن

سۇكەن — يۇلغۇن، سۆگەت ياكى توغراق تېلىدىن ئاستى يۇملاق، تېگى ئېگىزرەك، ئاغزى كەڭرەك قىلىنىپ، مەجلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆرۈشكە ۋاسا شەكلىدىكى پاراللېل قىلىپ قويۇپ توقۇلاتتى. سۇكەندىن بىر جۈپنى ئارغامچا ئارقىلىق چېتىپ ئېشەككە ئارتۇق ئېتىپ مېۋە- چېۋە، سەي، قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىقلار توشۇلاتتى، كېيىن قەغەز يەشىك، سولياۋ ساندۇقچىلار ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى.

چالغا

چالغا — ئوت - چۆپ، بۇغداي، زىغىر، سېرىق پۇرچاق، ئارپا، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەرنى ئورۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ئۇزۇن دەستىلىك، شەكلى يەتتىگە ئوخشايدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى بولۇپ، چالغا بىسى، چالغا ئۇچى، دەستە تۆگىسى دەستە، تۇتقۇچ ۋە ساداقتىن تەركىبلىنىدۇ. چالغا دەستىسى باش تەرىپىدىن ئاياغ تەرىپىگە قاراپ تەدرىجىي ئىنچىكىلىتىلىپ، ئۈچ قىسمى قوۋزۇق شەكلىدە ياسىلىدۇ. ساداق بۇغداي ئارپا، تېرىق ئورۇغاندا ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلىتىش جەريانىدا پات - پات سوقچاق تاش بىلەي ياكى ئىكەك بىلەن قايرىلىدۇ. تۆش - بولقا بىلەن قەرەللىك چېكىلىدۇ. تۆش سەلدەلىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، كىچىكرەك ياغاچ كۆتەكگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇيغۇرلاردا «چالغا چېكىدىغان بولقا، قولۇمغا تېگىپ كەتتى. ئەزەلدىن بۇۋاپا يارىم، كۆڭلۈمنى چىگىپ كەتتى» دېگەندەك قوشاقلار بار.

ئورغاق

ئورغاق — دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، ئوت - چۆپ قاتارلىقلارنى ئورۇش ئۈچۈن مېتالدىن ھىلال ئاي شەكلىدە تىغ چىقىرىلىپ ياسالغان دەستىلىك دېھقانچىلىق سايمىنى. ئورغاقنىڭ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىش تارىخى ئۇزاق بولۇپ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ئورغاق~ ئورغاق» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 - توم، 161 - بەت)، «بەشتەر~ ئورغاق. ئارغۇچە» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 - توم، 594 - بەت) دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «ئورغاق» سۆزىنىڭ ياسىلىشى توغرۇلۇقمۇ توختالغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «"ئورغاق" دېگەن سۆزمۇ شۇنداق بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



«ئوت ئوردى» دېگەن جۈملىدىكى «ئوردى» سۆزىدىن ياسالغان»، («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 - توم، 18 - بەت).

ئورغاق — ئورغاق دەستىسى، ئورغاق بويىنى، ئورغاق بىسى، ئورغاق چۆلدىسى ۋە ئورغاق ئۇچىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئورغاق دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىپ گاللاشىپ كەتكەندە بىلەپ ئىشلىتىلىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە مۇنداق دېيىلگەن: «ئول ئورغاق تىشادى ~ ئۇ ئورغاقنى ئۆتكىلەتتى» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 3 - توم، 364 - بەت).

خەلقىمىزدە يەنە پەرزەنتلەرنىڭ ئەقىللىق، ساغلام، پاكىز ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئانا مېھرىگە ھەممىدىن بەك موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان «ئورغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە، ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن»، ئىش - ئەمگەكنى تولۇق تەييارلىق، زور غەيرەت بىلەن قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدىغان «ئورغاق ئۆتكۈر بولسا، بىلەك تالماپتۇ»، «ئورما بىلەكتە ئوينار، كەتمەن يۈرەكتە ئوينار» دېگەندەك ئوخشاش ماقال - تەمسىللەر بار.

## ئۆتكەمە ۋە غەلۋىر

ئۆتكەمە ۋە غەلۋىر — بۇلار ئاساسەن زىرائەت دانلىرىنى ئوت ئۇرۇقى، ئەخلەت - چاۋارلاردىن پاكىزلاش ۋە ئۆگۈت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ئەسكۈ ~ ئۆتكەمە» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 - توم، 174 - بەت) دېيىلگەن. ئۆتكەمە ۋە غەلۋىر ياساشتا ئادەتتە نېپىز تىلىنىپ قۇرۇتۇلغان سۆگەت پىنى تەپتى تۆۋەن قوۋاشقا قاقلىنىپ، سېپتىملىق بىلەن ئىگىلىپ قاسقان ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قاسقان تېگىدىن مۇئەييەن ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، كىچىك - كىچىك تۆشۈكچىلەر ئېچىلىدۇ، ئاندىن ئاشلىنىپ ئەيلەنگەن ئۆچكە تېرىسىدىن تىلىنىپ، يېپچە ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن تاسمىلار پىشۇلدۇرۇلۇپ، قاسقان تۆشۈكچىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە توقۇپ تەييارلىنىدۇ. غەلۋىر قىلىنىراق، ئۆتكەمە شالاڭراق توقۇلىدۇ. خەلق ئىچىدە «غەلۋىر ئۆرۈيەلمىگەن دېھقان ھەقىقىي دېھقان ئەمەس» دەپ قارايدىغان ئادەت بار. بۇنىڭدىن غەلۋىر بىلەن ئۆتكەمىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى پاكىزلاش قورالىنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىكى ئورنىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## ئاسقاق (تارماق)

ئاسقاق — خەلقىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئىشلىتىشكە باشلىغان ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولۇپ، بۇ سايمان ئېتىزلاردىكى ئېغىزلارنى چېپىپ تاشلانغان كېۋەز شادىلىرىنى يىغىش، ھويلا - ئارانلارنى پاكىزلاش، ئەخلەت - چاۋارلارنى يىغىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئاسقاقنىڭ ياسىلىشى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، 15 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى تېرەك ياغىچىنى تەكشىلەپ، تىك يۈزىدىن تەخمىنەن 10 - 12 تۆشۈك ئېچىپ، قوزۇق شەكلىدە تۆمۈر چىش سوقۇپ، تۆشۈكچىگە بېكىتىدۇ. ھەر بىر چىشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر بولۇپ، ياغاچقا بېكىتكەن باش قىسمىدا قالپىقى بار. ئۈچى ئۇچلۇق بولغاچقا يەردىكى ئېغىز، كېۋەز شادىسى، قوناق شاخلىرىنى يىغىشقا ناھايىتى ئەپلىك. چىشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ، بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ياغاچ ساپ بېكىتىلىدۇ. ھازىر بەزى تۆمۈرچىلەر ئاسقاق ياساشتا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۈچ بۇلۇڭلۇق تۆمۈرگە 10 - 12 تال تۆمۈر چىشنى دانىكا بىلەن كەپشەرلەپ، ئارقا تەرىپىگە ساپ بېكىتىدىغان چۆلدا ئورنىتىپ ياسايدىغان بولدى، ئاسقاقنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، نۇرغۇن ئائىلىلەر ئاسقاقنى ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ.

كەمىنە بۇ ئاددىي يازمام ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ ئىشلىتىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىلا قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. ئېنىقكى يەنە نۇرغۇنلىغان يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىزنىڭ قېزىپ چىقىشىمىزنى ۋە تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ئىچكىرلەپ ئىزدىنىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك تەۋەررۇك مىراسلىرىنى يەنىمۇ جۇلالاندۇرۇشىمىز زۆرۈر دەپ قارايمەن.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەسى گۈللۈك يېزىسى ئاقتوقاي كەنتىدە، دېھقان)



# تۇغۇتلۇق ئاياللارنى بېقىش ئادىتى

رىزۋانگۈل ئوبۇل

خەلقىمىز ئەزەلدىن تۇغۇتنى ئۇلۇغ، مۇشكۇل ھەم مۇقەددەس ئىش دەپ بىلگەچكە، تۇغۇتلۇق ئاياللارنى كۈتۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ ھەم يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى ئالاھىدە مېھمان سۈپىتىدە ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. كونىلاردا «يېڭى تۇغۇتلۇق ئاياللار 40 كۈنگىچە ياخشى كۈتۈلمىسە، كېيىن كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ» دەيدىغان قاراش بار، شۇڭا تۇغۇتلۇق مەزگىلدە ياخشى كۈتۈنۈش ئاياللارنىڭ كېيىنكى سالامەتلىكى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر ھېسابلىنىدۇ.

ئىلگىرىكى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇغۇت بېقىش ئادىتى بىلەن ھازىرقى ئاياللارنىڭ تۇغۇت بېقىش ئادىتىدە خېلى كۆپ ئوخشاشلىقلار بار بولسىمۇ، يەنە مەلۇم دەرىجىدە پەرقلەر مەۋجۇت. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلقىمىزنىڭ بەزىبىر ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرى سۇسلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى-يېڭى مەدەنىيەتلەر ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقىمىزنىڭ تۇغۇت بېقىش ئادەتلىرى ئىچىدىكى بەزىبىر ئەنئەنىۋى قائىدىلەر يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ۋە ياشاش شارائىتىمىزغا ماس كېلىدىغان قائىدىلەر بارلىققا كەلدى.

## تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ كۈتۈنۈشى

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئاياللارنىڭ تۇنجى تۇغۇتى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بولۇشى كېرەك دەپ قارىلاتتى، بۇنداق بولغاندا تۇغۇتلۇق ئايال ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ بېقىشى نەتىجىسىدە، خاتىرجەم ئارام ئېلىش ۋە ئەتراپلىق كۈتۈنۈش شارائىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ ھەم بوۋاقنى قانداق بېقىش توغرىسىدا تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا ئانىسىنىڭ ۋە باشقا تەجرىبىلىك ئايال تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمىدە بوۋاقنى قانداق كۈتۈش ۋە بېقىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ دەپ قارىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار يەڭگىشتىن بىر ئاي بۇرۇن ئايال تەرەپنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بۇ ئايالنى ئانىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆيگە يۆتكەپ كېتەتتى، ئۇ چاغلاردا دوختۇرخانىغا بېرىش قولايسىز بولغاچقا، ئاياللار يەڭگىيدىغان چاغدا هاملدار ئاياللارنىڭ تۇغۇتىغا ياردەم بېرەلەيدىغان، قولى ئەپلىك، تەجرىبىلىك ئاياللار تۇغۇتقا ياردەم بېرىشكە چاقىرىلاتتى، بۇنداق ئاياللار «تۇغۇت ئانىسى» دەپ قارىلىپ، ئەل ئارىسىدا ئالاهىدە ئەتىۋارلىناتتى. تۇغۇتلۇق ئايال ياتقان ئۆينىڭ هاۋادان ياكى دېرىزىنىڭ سىرتىغا ئادراسمان، پىياز ۋە تۇز سېلىنغان خالتا ئېسىپ قويۇلاتتى، ئاياللار يەڭگىگەندىن كېيىن، ئىككى هەپتىگىچە ئوڭدىسىغا تۇز ياتقۇزۇشقا ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىلەتتى، بۇنداق يېتىشنىڭ ئىچكى ئەزالارنىڭ نورمال ئورۇنلىشىشىغا ۋە سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىسى بار دەپ قارىلاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ بېشىغا قېلىن يۇڭ ياغلىق، پۇتىغا پايپاق كىيدۈرۈپ، ئىسسىق ياتقۇزۇشقا ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرەتتى، ئەگەر تۇغۇتلۇق ئاياللارغا شامال تېگىپ قالسا ياكى سوغۇق ئۆتۈپ قالسا، ئاياللار يەڭگىگەندىن كېيىن بەدەندىكى تەر تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ كېتىدىغان بولغاچقا، سوغۇق هاۋا ياكى سوغۇق يەللەر ئايالنىڭ بەدىنىگە كىرىۋېلىپ، باش ئاغرىيدىغان، ئۇستىخانلىرى ۋە بوغۇملىرى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىلاتتى، شۇ سەۋەبتىن تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ قىرىقى ئىچىدە بېشىنى يۇيۇشىغا ياكى يۇيۇنۇشىغا قەتئىي يول قويمايتتى، بالا تۇغۇلۇپ ئون كۈندىن كېيىن هەر تۆت كۈندە بىر قېتىمدىن تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ بەدىنىنى ئىسسىق يەردە يەرلىك تۇخۇم بىلەن سىلاپ، قورساق قىسمىنى خام ياكى داكا بىلەن تېڭىپ قويۇپ، بىر كېچە تۇرغۇزۇپ ئېلىۋېتەتتى، بۇنداق بولغاندا بەدەندىكى ئاغرىقلار پەسلەپلا قالماستىن، قورساق قىسمىدىكى بوششىپ كەتكەن تېرىلەر ئەسلىگە كېلىپ، بەدەن شەكلى ئەسلىي هالىتىگە قايتىدۇ دەپ قارىلاتتى. 40 كۈن توشقاندىن كېيىن، كاۋاۋىچىنى قاينىتىپ بەدەننى ۋە چاچنى يۇسا بولىدۇ دەپ قارىلاتتى، تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيدە ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشقا، تاراڭ-تۇرۇڭ ئاۋاز چىقىرىشقا ۋە يۇقىرى ئاۋادا ۋارقىراشقا بولمايدۇ دەپ قارىلاتتى.

## تۇغۇتلۇق ئاياللارنى تېرىگە ئېلىش

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئاياللار يەڭگىپ يەتتە كۈندىن كېيىن، بىر قوينى ياكى ئوغلاقنى ئۆلتۈرۈپ، تېرە قىزىق هالەتتىلا ئىچىگە بىر نەچچە تال يەرلىك تۇخۇمنى چېقىپ، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ دۈمبىسىگە يېپىپ، تاكى تېرە سوۋۇغىچە تېرىگە يۆگىلىپ ياتىدىغان ئادەت بار ئىدى، ئاياللار يەڭگىگەن چاغدا، بەدەندىكى پۈتۈن مۇسكۇللار ۋە بوغۇملار بوشايدىغان بولغاچقا، ئىلگىرىكىلەر تۇغۇتلۇق ئاياللارنى تېرىگە ئالغاندا، بوششىپ كەتكەن مۇسكۇللارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بەدەندىكى هۆللۈكنى يوقىتىپ، بەدىنى تېز ئەسلىگە كېلىدۇ دەپ قارايتتى.

## تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئوزۇقلىنىشى

ئىلگىرىكىلەر تۇغۇتلۇق ئايال تۇغۇت جەريانىدا بەدىنى ئاجىزلاپ، پۈتۈن بەدەندىكى سۆڭەك ۋە بوغۇملار بوشايدۇ دەپ قارىغاچقا، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ياخشى ئوزۇقلىنىشىغا ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرەتتى، تۇغۇتلۇق ئاياللارغا كۈندە بىر ۋاخ سۈت بىلەن تۇخۇم بېرىشكە كاپالەتلىك قىلاتتى، پاقلان گۆشى ياكى چۈجە گۆشى قاتارلىقلاردىن كۈندە بىر ۋاخ شورپا تەييارلاپ بېرەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا شويلا، نارىن چۆپ، شوۋىگۇرۇچ، سۇيۇقئاش قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلغۇزاتتى، سوغۇق نەرسىلەردىن، ئاچچىق نەرسىلەردىن، يەللىك تاماقلاردىن، كالا گۆشى، ئۆچكە گۆشى، پىياز، يۇمغاقسۈت، كۈدە، كاۋا مانتىسى، كونا قايماق قاتارلىقلاردىن چەكلەيتتى.

## بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇش

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بالىنى ئېغىزلاندۇرۇشقا ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىلەتتى، بالىنى قانداق مىجەزلىك ئادەم ئېغىزلاندۇرسا، بالىنىڭ مىجەزى شۇنداق بولىدۇ دەپ قارىلاتتى، شۇڭا بالىنى ئېغىزلاندۇرۇشقا ئاق كۆڭۈل، كەم سۆز، مىجەزى ياخشى، ئاغزى تاتلىق ئادەملەر تاللىناتتى، نان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ناهايىتى مۇهىم ئورۇندا تۇرغاچقا هەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى دەپ قارالغاچقا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلار نان بىلەن ئېغىزلاندۇرۇلاتتى.

## بوۋاقنى يۇيۇش

بوۋاقنى يۇغان چاغدا ياغاچتىن ياسالغان تەڭنە تەييارلىنىپ، تەڭنىنىڭ ئىچىگە يۇمشاق سېلىنچا سېلىناتتى، بالىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىدىن سەللا قىزىق بولغان سۇ تەييارلىنىپ، بالا يۇمشاق پاختا ياكى يۇمشاق قول ياغلىق بىلەن يۇيۇلاتتى، يۇيۇپ بولۇپ يەنە يۇمشاق لۆڭگە

بىلەن بەدىنىنى سۇرتكەندىن كېيىن، بويۇن، قولتۇق ۋە
يىرىقىغا سىغىز سىلىنىپ، يۇمشاق يۆگەككە ئورىلاتتى، با-
لىنى يۇغان سۇنى قۇمغا تۆكەتتى، ئەگەر يۇيۇش جەريانى-
دا بالىنىڭ كىندىكى چۈشكەن بولسا، چۈشكەن كىندىكنى
لاتىغا ئوراپ، سۇۋالمىغان خام خىش تامنىڭ ئوتتۇرىدىكى
تۆشۈككە سىلىناتتى.

## بوۋاققا ئىسىم قويۇش

بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتە كۈنگىچە مۇۋاپىق ۋاقىتنى
تاللاپ، ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى، خەلقىمىز
ئارىسىدا ئۆزىگە خاس بولغان ئىسىم قويۇش يوسۇنى بار-
لىققا كەلگەن بولۇپ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا ئەھمىيەت-
لىك، مەنىلىك ئىسىملارنى تاللاش تەلەپ قىلىناتتى، ئىسىم
قويۇش مۇراسىمىغا ئۇرۇق-تۇغقان، قوشنا-قولۇملارنى
ۋە دوست-بۇرادەرلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئەر تەرەپنىڭ
شارائىتىغا ئاساسەن، بوۋاق ئوغۇل بولسا ئىككى قوي،
قىز بولسا بىر قوي سويۇلۇپ، داغدۇغا بىلەن ئىسىم
قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى.

## تۇغۇتلۇق ئاياللارنى يوقلاش

كونىلاردا ئاياللار تۇغۇپ ياتقان ئۆيگە خالىغان كى-
شىلەرنىڭ كىرىشى چەكلىنىدۇ دەپ قارايتتى، بوۋاق تۇغۇ-
لۇپ يەتتە كۈنگىچە قىزنىڭ ئانىسى ۋە بوۋاقنىڭ دادىسى-
نىڭ كىرىشىگىلا يول قويۇلاتتى، شۇ سەۋەبتىن تۇغۇتلۇق
ئايال بار ئۆينىڭ دەرۋازىسىنىڭ تېشىغا بىر پارچە قىزىل
لاتا ئېسىپ قويۇلاتتى، بۇ بۇ ئائىلىدە تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ
بارلىقىنى، باشقا كىشىلەرنىڭ ئاۋارە قىلماسلىقى كېرەكلىكى-
نى بىلدۈرەتتى. يەتتە كۈندىن كېيىن ئاندىن باشقا ئۇرۇق-
تۇغقان ۋە دوست-بۇرادەرلەرنىڭ كىرىپ يوقلىشىغا
رۇخسەت قىلاتتى، كىرگەن مېھمانلارنىڭ تۇغۇتلۇق ئايال
ياتقان ئورۇن-كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇشى ۋە بۇ
ئورۇن-كۆرپىلەرنى تۇتۇشى قەتئىي چەكلىنەتتى. ئۇنىڭ-
دىن باشقا تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيگە گۆش ۋە ئۇن قا-
تارلىق نەرسىلەرنى ئەكىرىشتىن بۇرۇن، ئۆيدىكىلەرنى
ئەسكەرتىپ، بالىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇش تەلەپ قىلى-
ناتتى ھەم تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيگە ئامال بار قۇرۇق
كىرمەسلىك تەلەپ قىلىناتتى، ئەگەر تۇغۇتلۇق ئايال بى-
رەرسىدىن «ماڭا بىر نېمە ئەكىرگەندىمۇ» دەپ ئۈمىدلى-
نىپ قالسا، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ كۆكسى ئاغرىپ قالىدۇ
دەپ قارىلاتتى.

## بالىنى بۆشۈككە سېلىش

بالا تۇغۇلۇپ 28 ~ 30 كۈنلۈك بولغاندا، بالا
ياساپ جابدۇلغان بۆشۈككە بۆلۈنەتتى، ئىلگىرىكى ئايال-
لار بۆشۈكنىڭ رولىنى ئىنتايىن چوڭ دەپ قارىغاچقا ھەم
«بۆشۈك بالىسى خان بالىسى» دەيدىغان قاراش بار بول-
غاچقا بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بې-
رەتتى، بالىنى بۆشۈككە سېلىشتىن بۇرۇن، بۆشۈكنىڭ
كۆرپىلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، بالىنىڭ بىر يەرلىرىگە پېتىپ
كەتمىگۈدەك ھالەتتە تۈزلەپ بولغاندىن كېيىن، بالىنى يا-
لىڭاچلاپ، بويۇن، قولتۇق ۋە يىرىقلىرىنى سىغىزلاپ، بۆ-
شۈككە ئاۋايلاپ سېلىپ بۆلەيتتى، بۆشۈكتە ياتقان بالىلار
ئۆزىمۇ پاكىز، خاتىرجەم ئۇخلاپلا قالماستىن، يەنە بىلەك
ۋە پاچاقلىرى تۈز بولىدۇ دەپ قارىلاتتى.

## بوۋاقنىڭ قىرىقىنى چىقىرىش

يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ قىرىقىنى چىقىرىش ئادى-
تى بۇرۇندىن تارتىپلا بار بولۇپ، قىرىقىنى چىقىرىش بوۋاق
40 كۈنلۈك بولغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر مۇھىم
تىلەك تىلەش مۇراسىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كونىلارنىڭ
قارىشىچە بوۋاق تۇغۇلۇپ قىرىقىنچى كۈن ئەڭ مۇھىم بىر
ئۆتكەل بولۇپ، قىرىقىغىچە ھايات تۇرالىغان بالا ئاساسەن
ھاياتلىق سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى دەپ قارىلاتتى، ھەم بۇ
40 كۈن ئىچىدە ئانىنىڭ سالامەتلىكىمۇ ئەسلىگە كېلىدىغان
بولغاچقا بوۋاقنىڭ قىرىقىنى چىقىرىش مۇھىم دەپ قارالغان.
بوۋاقنىڭ قىرىقىنى چىقارغان كۈنى ئالدى بىلەن 40 تال
كىچىك توقاچ تەييارلىناتتى، 40 كىچىك بالا بۇ بوۋاقنىڭ
قىرىقىنى چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىناتتى، بوۋاققا مەخسۇس قى-
رىقلىق كىيىم تەييارلاپ، بوۋاقنى داستا ئولتۇرغۇزۇپ، بې-
شىغا 40 مەرتەم بوۋاقنىڭ ياخشى، ئەلگە ياراملىق ئادەم
بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن تىلەك تىلىنىپ سۇ قۇياتتى، بەزى
باي ئائىلىلەردە ئالتۇننى سۇدا چايقاپ بالىنى شۇ سۇدا يۇ-
يدىغان ئادەتمۇ بار ئىدى، بالىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن،
تەييارلانغان قىرىقلىق كىيىمنى كىيگۈزۈپ، بۇ مۇراسىمغا
قاتناشقان بالىلارغا ھېلىقى ئالدىن تەييارلىغان 40 توقاچ
تارقىتىلىپ بېرىلەتتى.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك مالىيە ئىدارىسىدە)



# قومۇلنىڭ يەرلىك كىيىم - كېچەكلىرى

نۇرگۈل مۇھەممەد

قومۇلنىڭ يەرلىك كىيىم- كېچەكلىرى ئىچىدىكى كۆن- خۇرۇم ، يۇڭ توقۇلما، يىپەك توقۇلما بويۇملار ۋە ئۇلاردىن تىكىلگەن كىيىم- كېچەكلەر، ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللىرى، ھۈنەر- سەنئىتى ۋە ھەر خىل كىيىم- كېچەك نۇسخىلىرى، بېزەك سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگەچە ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بىلەن قومۇلنىڭ كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

## كۆن- خۇرۇم بۇيۇملار

كۆن - خۇرۇم بۇيۇملار قەدىمكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، قوي، كالا تېرىلىرىدىن بىۋاسىتە پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ.

كۆن تېرىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن چاپان، بىرونزا قوراللار دەۋرىگە تەئەللۇق. قومۇل شەھىرى قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 121 سانتىمېتىر، ياقىسىز، مۇرىسى كەڭ، يېڭى تار، يېڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 47 سانتىمېتىر، يېڭىنىڭ ئېغىزى چىقىرىلمىغان، پەقەت بېغىش قىسمىدىن توغرىسىغا ئون سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى ئېلىپپىسىمان ئېغىز ئېچىلغان ھەمدە تۆۋەنكى ئېغىزىنىڭ يېنىغا بىر پارچە تېرە بېغىش ئاسرىغۇچ تىكىلگەن بولۇپ، يەڭ بىلەن قولقاپ (پەلەي) بىر گەۋدە قىلىپ تۇتاشتۇرۇلغان. بۇ چاپان ئىنچىكە تېرە ۋە تاسمىلار ئارقىلىق تىكىلگەن بولۇپ، تىكىلىشى ناھايىتى نەپىس، نۇرغۇن ياماقچىلار سېلىنغان.

تېرە ئۆتۈك بىرونزا قوراللار دەۋرىگە تەۋە. قومۇل شەھىرى قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 12.7 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9.4 سانتىمېتىر، ئۆتۈك چەمدىن قونچىسىغىچە بولغان ئارىلىق 19.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۆتۈك، ئۆتۈك باشلىقى، چەمى ۋە قونچىسىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلگەن.

چەمگە قارىغاندا ئىشلىتىلگەن ۋاقتى ئۇزاقراق ھەم بىر قانچە قېتىم ياماغان ئىزنامۇ بار.

### يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار

ئۆي ھايۋانلىرى (ئاساسلىقى قوي)نىڭ يۇڭ تالا ماتېرىيالى قىلىنىپ يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىدا ياكى قولدا توقۇپ چىقىرىلغان بۇيۇملار بولۇپ، بۇ خىل بۇيۇملار قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان. بۇلار ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالى، توقۇش - تىكىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە يىل دەۋرىنىڭ بالدۇر بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن شىنجاڭ دائىرىسىدىن تېپىلغان ئوخشاش تىپتىكى بۇيۇملار ئىچىدە ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئۈچلۇق كىگىز مالخاي، يۇڭ يىپتىن توقۇلغان بۆك، جوۋا، يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇن تون. يۇڭ كۆڭلەك، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك، پىيما قاتارلىقلار ئەينى زامانلاردىكى چارۋىچىلىق تاۋارلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يۇڭ كەشتە كىيىملەر دۆلىتىمىزدە بايقالغان ئەڭ بالدۇرقى يۇڭ كەشتە كىيىملەر بولۇپ، يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدە ئەڭ ئېسىل بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ.

قومۇل شەھىرى لاپچۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان نۇرغۇن يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ئىچىدە گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك كاتەكچە يوللۇق بۇيۇملار، يەنە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 12 - ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان ئۈچ بۇرجەك يوللۇق كەشتىلىك توقۇلما بۇيۇملارمۇ بار. بۇ يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ قېلىن - نېپىزلىكى ئوخشاش ئەمەس، بەزىلىرى تەكشى يوللۇق، بەزىلىرى يانتۇ يوللۇق، يەنە بەزىلىرى ئاچ رەڭلىك، بەزىلىرى قېنىق رەڭلىك، بىراق ھەممىسى تىك ياكى توغرىسىغا توقۇلغان بۇيۇملاردۇر.

كىگىز مالخاي قومۇل شەھىرى قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بىرونىزا قوراللار دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم بولۇپ، روبىسمان شەكىلگە مايىل ئىككى پارچە كىگىزدىن تىكىلگەن. ئىككى پارچە كىگىز جىپسىلەنگەن ئورۇنغا ئۈچ بۇرجەك كىگىز پارچىلىرى سېلىنىپ جىيەك چىقىرىلغان، قۇلاق تۇسقۇچى ئاستىدا ئىككىسىنىڭ ئاستىدىن چىگىۋالىدىغان بوغقۇچى بار.

يۇڭدىن توقۇلغان ئۇزۇن تون قومۇل شەھىرى قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ بىرونىزا دەۋرىگە تەۋە قېزىلما بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 130 سانتىمېتىر، ياقىسى يوق، تەتۈر كانايسىمان كىچىك ئويمىلىق، قىسقا يەڭلىك. يېڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر؛ تەكشى نۇسخىلىق توقۇلما بۇيۇم. تەكتى قوڭۇر رەڭلىك كېلىدىغان بىر دانە سېرىق رەڭلىك تىك بادىراسىمان گۈل نۇسخىسى بار. ئۇنىڭ ئارىسىدا يەنە ئىككى دانىدىن ئۈنچىكە تىك سىزىقچە بار، بۇ كىيىمنىڭ رەڭلىرى بەكلا ماسلاشقان، توقۇلۇشى سىپتا، كۆركەم.

يۇڭ پۇرمە پوپايكا قومۇل شەھىرى قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بىرونىزا دەۋرىگە تەۋە كىيىم - كېچەك ھېسابلىنىدۇ. قوڭۇر رەڭلىك تەكشى نۇسخىلىق يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن. ئۈستى قىسمى پۇرسىمان، يان تەرىپىنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا چەك ئېچىلغان.

### يىپەك توقۇلما بۇيۇملار

يىپەك توقۇلمىلار يىپەك تالا خام ماتېرىيال قىلىنىپ ماشىنىدا ياكى قولدا توقۇلغان توقۇلما بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يىپەككە گۈل نۇسخىسى كەشتىلەنگەن بۇيۇملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قومۇلدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن قىسمەن قەدىمي كىيىم - كېچەكلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

نىمچە: نىمچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تىزدىن ئاشىدۇ، ئىنى كەڭ، يېڭى تار كېلىدۇ. كۆپىنچە قىزىل، سۇس بېغىررەڭ تاۋاردا تىكىلىدۇ، نىمچە ئالدى ئوچۇق نىمچە، قويۇنلۇق نىمچە دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ يەڭ ئۇچى، ياقا ئەتراپى، ئالدى پەش، ئالدى پەشلىياغ تەرەپلىرىگە ئۈچ-تۆت قۇر قىرغاق ئىشلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا رەڭلىك يىپ بىلەن سۇمۇرغ، كېپىنەك، مودەن، جۈيخۇا گۈللىرى، كىرىس شەكىللىك نۇسخىلار كەشتىلىنىدۇ، ئالدى ئوچۇق نىمچىگە بۇلۇتسىمان بېزەك تۇتۇلىدۇ.

پەشمەت: پەشمەت قۇيمۇچ (ساغرا)نى يېپىپ تۇرغىدەك ئۇزۇنلۇقتا تىكىلىدۇ، ئۇ قىسقا ھەم كەڭ، يەڭلىرى تار قىلىنىپ، قىزىل، جىگەر رەڭ تاۋاردىن تىكىلىدۇ، پەشمەت ئالدى ئوچۇق پەشمەت، قويۇنلۇق پەشمەت دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، يەڭ ئۇچۇ، ئالدى پەش، چوڭ پەش، ئاياغ تەرەپ ۋە كىچىك پەشلەرگە گىرۋەك تۇتۇلىدۇ، ئالدى ئوچۇق پەشمەتلەرنىڭ ئالدى پەشلىرىگە بۇلۇتسىمان بېزەك نۇسخىلىرى تۇتۇلىدۇ.

جىلتكە: جىلتكە پەشمەتكە ئوخشاپراق كېتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېڭى بولمايدۇ، قويۇنلۇق جىلتكىنىڭ كىچىك پېشى بولىدۇ، ياقا ئەتراپى، چوڭ پەش، ئاياغ گىرۋەك ۋە كىچىك پەشلەرگە ئۈچ قۇر گۈللۈك گىرۋەك تۇتۇلىدۇ، ئالدى پەشكە بۇلۇتسىمان بېزەك نۇسخىلىرى تۇتۇلىدۇ.

(ئاپتور: قومۇل شەھىرى ئۆرغول رايونى پالۋانتۇر بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتىدا)

www.uyghurkitap.com



# كىرىيەدىكى بىر قىسىم يەر ـ جاي ناملىرى توغرىسىدا

رىسالەت ئابدۇقادىر

يەر ـ جاي ناملىرى ۋە ئۇنىڭ ئېتمولوگىيەسى فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ شۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت تارىخى، يەرلىك ئۆرپ ـ ئادىتى، تىل ئالاھىدىلىكى، تەزكىرىسى ۋە جۇغراپىيەسىنى چۈشىنىشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە يەر ـ جاي ناملىرى تەتقىقاتى مۇھىم تەتقىقاتلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

كېرىيە ناھىيىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇزاق تارىخقا ۋە شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمىي يۇرت بولغاچقا، بۇ ناھىيەدە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە نۇرغۇن يەر ـ جاي ناملىرى ساقلىنىپ كەلگەن. ناھىيە تەۋەسىدىكى 13 يېزا ئىككى بازار، بىر ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، 175 كەنت، 744 مەھەللە ئىچىدە 8000 دىن ئارتۇق يەر ـ جاي ناملىرى ھازىرغا قەدەر كەڭ قوللىنىلىپ كەلمەكتە، تۆۋەندە بىر قىسىم يەر ـ جاي ناملىرى ۋە ئۇنىڭ ئېتمولوگىيەسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن.

كېرىيە ــ «كىرىيا»، «قىريا»، «كېيا» دېگەن سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان. «كىر» ياكى «قىر»نىڭ مەنىسى ئوخشاش بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يۇرت، ئېتىزلىق، يېشىللىق، ئېگىزلىك، كۆكۆلمەيدان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «يا» سۆزىنىڭ دەريا، ئېقىن، يارلىق (ياردالىڭ) دېگەندەك مەنىسى بار. «كىر (قىر)» بىلەن «يا»دىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزدىن تۈزۈلگەن «كىريا» ياكى «قىريا» ئوخشاشلا دەريا ساھىلىدىكى يۇرت، دەريا بويىدىكى ئايماق، دەريا يېنىدىكى بوستانلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۈيۈك ئالىم ۋە تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يۇرتى ئوپالنى ئىزاھلاشتا «ئىسمەتۇل قىريا»

(يۇرتۇمنىڭ نامى) سۆزىنى ئىشلەتكەن. دىۋاندا «قىريا» يۇرت دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. مۇشۇ بويىچە «كىريا» ياكى «قىريا» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسىنى قىسقارتىپ، «يۇرت» دەپلا ئىزاھلاشقىمۇ بولىدۇ. كېرىيە بۇرۇنقى خەنزۇچە مەنبەلەردە «克里雅» دەپ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مەنبەلىرىدە «كىريا» دەپ، دۇنيا خەرىتىسىدە كىريا دەپ ئېلىنغان. ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى بابا رەھىم مەشرەب (شاھ مەشرەب) تەخمىنەن 1675 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يازغان «كەلتۈرمىشىم» رادىف قىلىنغان بىر غەزەلدە كېرىيەنى كىريا دەپ ئالغان.

ئۆرگۈلۈپ قەشقەرۇ ياركەند، ئول خوتەن دەشتلەر كېزىپ،
ئاھ ئۇرۇپ كىريا، چىرا ئىلچى ئامان كەلتۈرمىشىم.

چەرچەن، چاقىلىق ۋە لوپنۇردىكى بەزى پېشقەدەم لوپلۇقلارنىڭ ھازىرغا قەدەر كېرىيەنى كىريا ياكى كىريا دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ خىل ئاتاشمۇ يۇقىرىقى قارىشىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە دەلىللەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خوتەن شىۋىسىدە «كىريا» ئاتالغۇسى «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن كىيا ياكى كېيا دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ كەلمەكتە. «كىريا» ئاتالغۇسى 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىغا قەدەر كىرىيە ياكى كىرىيە دەپ، 2003 ـ يىلىدىن كېيىن ھازىرغىچە كېرىيە دەپ ئېلىنىپ كەلمەكتە. دېمەك، «كىريا» ياكى «قىريا» بۈگۈنكى كېرىيە دېگەن نامنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كېرىيە دەرياسى ــ كېرىيەدىكى ئەڭ چوڭ دەريانىڭ نامى. ئۇ خوتەن ۋىلايىتىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسى ۋە قاراقاش دەرياسىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى چوڭ دەريا بولۇپ، بۇ ئاتامسۇ دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، ئاقتىساي دەرياسى، كۇراپ دەرياسى، لۇش دەرياسى قاتارلىق 12 تارماق ئېقىننىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. كېرىيە دەرياسى ئىپار، لوش، پولو، باشلاپقا، ئارال، يېڭىئېرىق، كۆكيار، قارلۇق، بەگ مەھەللىسى، ھەسىنتىم، مىرسالى، توغراق ئېغىل ۋە تېرىملاردىن ئۆتۈپ دەريا بويى يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى يالغۇز توغراق ئەتراپىدا قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 438 كىلومېتىر كېلىدۇ.

مۇغاللا ــ كېرىيە ناھىيەسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بازار. بۇ نام ئەسلىي موغۇللا دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، يەنى «موغۇل» دېگەن تۈپ سۆزگە «لا» (لار) قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان. موغۇللا ھەرگىزمۇ موڭغۇللارنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى چاغاتاي دەۋرىدىكى موغۇل دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىجتىمائىي تۈپنى كۆرسىتىدۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇرۇنقى دەۋردە بۇ يەردە بىر قىسىم موغۇللار ئولتۇراقلىشىپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

داشمان ــ «داشلىق» ياكى «داشلىق يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېرىيە ناھىيەسىنىڭ شەنبەبازار بازىرىدا داشمان نامى بىلەن ئاتىلىدىغان تاغداشمان كەنت كومىتېتى، تۆۋەن داشمان كەنت كومىتېتى، داشمانئېرىق، سەكەداشمان كەنت كومىتېتى، داشمان كەنت كومىتېتى، سىيەك يېزىسىدا ھالداشمان كەنت كومىتېتى، توغرىغاز يېزىسىنىڭ قۇمباغ كەنت كومىتېتىدا داشمان دۆڭ مەھەللىسى بار. بۇرۇنقى چاغلاردا شەنبەبازار بازىرى «داشمان» دەپ ئاتالغان. لوپنۇرلۇقلار «داشمان»نى «داشى» دەپ، كېرىيەلىكلەر «داشمان» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

بەشقارلۇق ــ جاي يېزىسىنىڭ جىرىم كەنت كومىتېتىغا قاراشلىق بىر مەھەللىنىڭ نامى. بۇ قارلۇق قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا بۇ يەردە بەش ئائىلىلىك قارلۇق چارۋىچى ماكانلاشقان ئىكەن.

كۆكيار ــ كېرىيەدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. بۇرۇنقى چاغلاردا كېرىيەلىكلەر كۆكۈل يەر، كۆكلەك، كۆكەرىن (كۆكىرىپ تۇرىدىغان يەر)، ياپېشىل يەرنى قىسقارتىپ «كۆك» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. كۆكيار «كۆك» سۆزى بىلەن «يار» (يار، يارداڭ، يارداڭلىق، دەريا) سۆزىدىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن، ئۇ «يېشىل يارلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

توغرىغاز ــ كېرىيەدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. بۇ يېزا تەۋەسىدە «قىغاز سېپىلى» ياكى «بەشتوغراق خارابىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمىي شەھەر بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى «تارىم ئارخېئولوگىيەسى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ قەدىمىي شەھەرنى «قەدىمكى ئۇزۇنتاتنىڭ ئاستانىسى بولۇشى مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئارخېئولوگلار بۇ خارابىلىكتىن نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تاپقان. شۇ سەۋەبتىن خوتەندىكى بەزى ئارخېئولوگ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى توغرىغاز دېگەن نامنى قەدىمكى تۇخرىلارغا باغلاپ «تۇخرىغاز» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ قاراپ كەلمەكتە. يەنە بەزىلەر بۇ جاينىڭ نامىنى يېقىنقى دەۋرگە باغلاپ، ئۇنى «غاز توغرىغان» دېگەن مەنىدە «توغراغاز» دەپ ئىزاھلاپ كەلمەكتە، مېنىڭچە «تۇخرىغاز» دېگەن نامنىڭ تارىخىي ئاساسى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق

www.uyghurkitap.com



قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

قاراقىر — كېرىيەدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قارا» دېگەن سۆز «كارا» بولۇپ، ئۇ يوغان، چوڭ، ئۇلۇغ، بۈيۈك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈردۇ. «قىر»مۇ ئوخشاشلا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «كىر» دەپ ئوقۇلىدۇ. ئۇ يۇرت، بوستانلىق، ئېتىزلىق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ بويىچە قاراقىرنىڭ قەدىمكى نامىنى «كاراكىر» دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. مەيلى كاراكىر بولسۇن ياكى قاراقىر بولسۇن ھەر ئىككىسى چوڭ يۇرت، چوڭ ئېتىزلىق، چوڭ بوستانلىق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ قاراقىرنىڭ تۆت ئەتراپىغا بەزى قەدىمكى ئىزلار كەڭ تارقالغان، ئېتىزلىق ۋە تېرىم ئىزنالىرىنى ھېلىھەم ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئادەتتە قاراقىر بوستانلىقىنى كونا قاراقىر بوستانلىقى ۋە ھازىرقى قاراقىر بوستانلىقى دەپ ئىككىگە ئايرىش مۇمكىن. قەدىمكى قاراقىر بوستانلىقى كونا دامكونىڭ شەرقىي شىمالى ۋە شەرقىي تەرىپىدىكى كونا دېلتا (تىنما تۈزلەڭلىك)نى، يېڭى قاراقىر 1700 ـ يىللاردىن كېيىن ئېچىلغان يېڭى ئاچمىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى يېڭى بوستانلىق خېلى بىر مەزگىلگىچە «ئاچما» دەپمۇ ئاتالغان، قەدىمكى دەۋردە كونا قاراقىر بوستانلىقى بىلەن دامكو بوستانلىقى تۇتاش بوستانلىق بولۇپ، بۇ ئىككى جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسىمۇ ئوخشاشلىققا ئىگە.

ئاتچان — كېرىيەدىكى تاغلىق يېزىنىڭ نامى. ئادەتتە بىر قىسىم كېرىيەلىكلەر ئاغزاكى تىلدا ئاتچاننى «ئاچچان» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ ھەم «ئاچچان»نى «تاغ يايلاقلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت ـ چۆپ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى «ئاچچان» دەپ تەلەپپۇز قىلماستىن، بەلكى ئاتچان دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ ھەم ئۇنى «ئاتقا ھېرىسمەن كىشىلەر، ئات مىنىشكە ماھىر كىشىلەر» دەپ ئىزاھلايدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاتچان قاراقۇرۇم تېغىدىكى قەدىمكى يەر نامى بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق. ئاتچاندا قاراقۇرۇم مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى ئىزنالىرىدىن تاش قورشاۋ قەبرە، توپا دۆۋىلىك قەبرە، ئاتەشپەرەسلىك ئىزلىرى، تۆمۈر تاۋلاش، قاشتاش ئويمىچىلىقى، تاش مارجان ئويمىچىلىقى قاتارلىق ئىزلار بار، شۇڭا بۇ نامنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارايمەن.

لۇش — ئاتچان يېزىسىدىكى بىر تاغلىق كەنتنىڭ نامى. لۇش ئاق قاشتېشى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق. لۇش قەدىمكى «قاشتېشى يولى»نىڭ مۇھىم مەنبەسى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. قاراقۇرۇم مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان لۇش قەبرىستانلىقى دەل مۇشۇ كەنتتە جايلاشقان. لۇش قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قاراڭغۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا لۇشنىڭ تاغلىق رايونغا جايلاشقانلىقىدەك جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، لۇش دېگەن نامنىڭ مەنىسىنى «قاراڭغۇ تاغ» دەپ ئىزاھلاشقا بولىدۇ.

تۇمىيا — كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئويتوغراق يېزىسىدىكى بىر تاغلىق كەنتنىڭ نامى. بۇ كەنت تەۋەسىدە يەنە تۇمىيا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا بار. بەزى يەرلىك چارۋىلار تۇمىيا دېگەن نامنى «تومىيا» ياكى «تۇمۇيا» دەپمۇ ئاتايدۇ. «تۇم» دېگەن سۆز «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە «ناھايىتى»، «بەك» دېگەن مەنىدە ئىزاھلانغان بولۇپ، ئۇ رەڭنىڭ قېنىقلىق دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، تۇمئاق، تۇمقارا، تۇمسېرىق، تۇمقىزىل. بۇنىڭدىن باشقا «تۇم» دېگەن سۆز خوتەن شىۋىسىدە بەزى ئەھۋالدا «پۈتۈنلەي»، «تېگى ـ تەكتىدىن» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مۇشۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا تۇمىيا دېگەن نامنىڭ مەنىسىنى «رەڭدار دەريا» ياكى «كونا دەريا» دەپ ئىزاھلاش مۇمكىن. ئەمەلىيەتتىمۇ تۇمىيا قورۇمتاغ باغرىغا جايلاشقان گۈزەل، رەڭدار ھەم قەدىمىي جاي. تۇمىيا كەنت تەۋەسىدە تۇمىيا كەنت كومىتېتى، تۇمىيا، قۇمسۇلاق، قارابۇلاق، مالغۇن، سەنجە، مات، قۇۋۇرغا، سولدى قاتارلىق كونا مەنزىرىلىك جايلار بار.

كېرىيەدىكى بىر قىسىم يەر ـ جاي ناملىرى ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم يەر ـ جاي ناملىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ناملار خېلى كۆپ. مەسىلەن، گۈزە، ھېيتگاھ، كونىشەھەر، تاناي، تاناي بېشى، مۇغۇللا، سىيەك، مەكىت، قاغىلىق، يەكەن، ئەنجان، قالۇق، قاراخان، بۇغراقوم، سىيەك، كۆكمەت، كۆكيار، چىنەباغ، قاچۇن (كاچۇڭ)، ئابدال مەھەللىسى قاتارلىقلار.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك كۆتۈپخانىدا)



# ئاۋات ناھىيەسىدىكى «توغراق» بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي ناملىرى

تۇرغۇن مىجىت قادىرى

ئاۋات ناھىيەسى ــ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا، قەشقەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىغا جايلاشقان. شەرقىي شىمال تەرىپى ئاقسۇ شەھىرى بىلەن، غەربىي تەرىپى كەلپىن ناھىيەسى بىلەن، غەربىي جەنۇب تەرىپى مارالبېشى ناھىيەسى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى تەكلىماكان بويلىرىنىڭ ئۆزگىچە قاراشلىق بىر قىسمى ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش، لوپ ناھىيەلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ.

ئاۋات ناھىيەسىنىڭ تەبىئىي توغراق ئورمانلىقىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ھازىر ئاساسەن خوتەن دەرياسى، يەكەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ۋە كونا ئېقىن بويلىرى، لاي ياتمىلار، كونا قەبرىستانلىقلاردىلا ساقلانغان. ناھىيە بويىچە ئومۇمىي توغراقلىق 418 مىڭ 500 مو، (جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئومۇمىي توغراقلىق 15 مىليون مو بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي توغراقلىقنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ) لېكىن بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل بۇرۇن نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشى، بوز يەرلەرنىڭ مۇۋاپىق ئۆزلەشتۈرمەسلىك، قالايمىقان كېسىش، ئاقسۇ دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ سۈيىدىن بىر تۇتاش پىلانلىق پايدىلىنىشنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا، يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا سۇ ئامبارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، خوتەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا تۇسمىنىڭ ياسىلىشى تۈپەيلىدىن دەريالارنىڭ سۈيى ئازلاپ، ئەسلىدىكى ئۈچ دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا ھاسىل بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېشىل كارىدورىدىكى تەبىئىي توغراقلار، تەبىئىي يايلاقلار- دىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر كىشىلەر تاقەت قىلىپ بولال- مايدىغان دەرىجىدە قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. بىنام يەرلەرنىڭ نامۇۋاپىق ئۆزلەشتۈرۈلۈشى، چوڭچۇكبۇيا يىلتىزىنىڭ قالايمىقان قېزىلىشى، «يۇقىرى ئۆرلەش» سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ يۈزىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈ- لۈپ، يېقىن ئەتراپتىكى تېرىلغۇ يەرلەر ۋە يايلاقلارنى ئېغىر دەرىجىدە زەيلەشتۈرۈشى بىلەن تۇپراقلارنى زۆر كۆلەمدە شورلاشتۇرۇپ، ئەزەلدىن ئاجىز بولغان ئېكولو- گىيە مۇھىتىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ھەممىمىزگە ئايان تەبىئەت رەھىمسىز، ئۇ بىزنى ئاپەتنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالدۇرىدۇ، شۇڭا ھەر بىر پۇقرانىڭ ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل مۇھىتىنى، يېشىل كارىدورنى قوغداشتىن ئىبارەت باش تارتىپ بولالمايدىغان يۈكسەك مەسئۇلىيىتىمىز بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون نۇرغۇنلىغان مەبلەغلەرنى سېلىپ تارىم دەريا ۋادىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەت- راپىدىكى توغراق، يۇلغۇن قاتارلىقلارنى ۋە باشقا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداپ ۋە ئۆستۈرۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاپ ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان ياخشى ۋە- زىيەت شەكىللەندى.

مەن تۆۋەندە ئاۋات ناھىيەسىنىڭ بىر قىسىم «توغراق» بىلەن ئاتالغان يەر، جاي ناملىرى ئۈستىدە كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىپ ئۆتىمەن.

**1. يېزا نامىلىرى**

1) تامتوغراق يېزىسى

تامتوغراق يېزىسى — ئاۋات بازىرىنىڭ غەربىگە يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئاۋات — يېڭىئېرىق يولى بويى- غا جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى ئاۋات بازىرى، دولان يې- زىسى، ئايباغ يېزىسى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى مول ھو- سۇللۇق 3- مەيدان بىلەن، غەربىي تەرىپى يېڭىئېرىق يې- زىسى بىلەن، شىمالىي تەرىپى بېشئېرىق بازىرى بىلەن قوشنا.

تامتوغراق يېزىسى 1930- يىلى ئاۋات ناھىيەسى تەسىس قىلىنغان چاغدا ھازىرقى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قا- راشلىق ئۈچمە كەنتلىرى (ھازىرقى تامتوغراق يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى ئۈچمە كەنتى، نوچسۇڭ كەنتى، ئۈستۈنكى ئۈچمە كەنتى، تۈغبىشى كەنتى، قوۋۇرغا كەنتى، قوۋۇ كەنتى ۋە يېڭىئېرىق يېزىسىنىڭ قوۋۇرغا كەنتلىرى 1973- يىلىغىچە ئەسلىدىكى تامتوغراق يېزىسىنىڭ ئۈچمە 1-، 2-، 3-، 4-، 5-، 6- دادۇيلىرى) ئەسلىدە ئاقسۇ ناھىيەسىنىڭ يېڭىئېرىق رايونىغا تەۋە ئىدى. 1955- يىلى تامتوغراق را- يونى رەسمىي تەسىس قىلىنغان چاغدا، ئاقسۇ ناھىيەسىنىڭ يېڭىئېرىق رايونىغا تەۋە بولغان ئۈچمە، ئايكۆل رايونىنىڭ ئارال، تامتوغراق قاتارلىق ئۈچ كەنتى بۇ يېزىغا ئۆتكۈ- زۈپ بېرىلىپ 2- رايون دەپ ئاتالغان. 1958- يىلى كوم- مۇنالىشىش مەزگىلىدە تامتوغراق خەلق كومىناسى قۇرۇل- غان. 1967- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا «ئالغا» كوممىنا دەپ ئاتالغان، 1980- يىلى بۇرۇنقى نامى «تامتوغراق» ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، 1984- يىلى تامتوغراق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان.

«تامتوغراق» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبە- سى: گۇۋاگشۇي يىللىرى ئاقسۇنىڭ ئارال، ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقيار، قوۋۇرغا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن كۆچمەنلەر چارۋا باقىدىغان جاي ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاقسۇ تۇتۇق مەھكىمىسى بۇ جايغا ئادەم ئەۋەتىپ، بىر تۈپ چوڭ توغ- راقنىڭ قوۋزىقىنى سويۇۋېتىپ مۆھۈر بېسىپ چېگرا ئايرى- غان. بۇنىڭ بىلەن «تامغا توغراق» دەپ ئاتالغان. «تامغا» سۆزىنىڭ يەنە بىر مەنىسى «مۆھۈر» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر «تامغا توغراق» سۆزىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ «تامتوغراق» دەپ ئاتىغان. يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى دەپ بېرىشىچە بۇ يەردە شۇنداق بوك- باراقسان يوغان توغراقلار بولۇپ، كىشىلەر بۇنىڭدىن بۆسۈپ ئۆتۈش قىيىن بولغاند- دىكىن «تامدەك توسۇپ تۇرىدىغان توغراقلىق» دەپ كېيىنچە بۇ «تامدەك توغراق»نى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ھا- زىرقى «تامتوغراق» دەپ ئاتىغان دېگەن قاراشلارمۇ بار، بۇنى قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ھەققىدە تەتقىقات- چىلارنىڭ تەتقىق قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

2) باغتوغراق يېزىسى

باغتوغراق يېزىسى — ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جە- نۇبىغا 13 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئاقسۇ كونا دەرياسى بىلەن تۇتاش، شىمالىي بېشئېرىق يېزىسى بىلەن، جەنۇبىي غورۇچۆل بازىرى بىلەن، غەربىي تەرىپى مول ھوسۇللۇق 1- مەيدان بىلەن قوشنا.

باغتوغراق يېزىسى 1930 - يىلىدىن بۇرۇن ئاقسۇ ناھىيەسىنىڭ بىشئېرىق رايونى (ھازىرقى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ بىشئېرىق بازىرى)غا قاراشلىق ئىدى؛ 1938 - يىلى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ غوروچۆل رايونى (ھازىرقى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ غوروچۆل بازىرى)غا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن؛ 1950 - يىلى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر رايونى (ھازىرقى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئاۋات بازىرى)نىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان؛ 1955 - يىلى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئايكۆل رايونى (ھازىرقى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئايباغ يېزىسى)غا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن؛ 1966 - يىلى ئاۋات ناھىيەلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مول ھوسۇللۇق 1 - دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان؛ 1984 - يىلى 8 - ئايدا مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىنىپ «باغتوغراق يېزىسى» قۇرۇلغان.

«باغتوغراق» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش مەنىسى: بۇ يەر ئەسلىدە بىر پارچە تەبىئىي توغراقلىق يەر بولۇپ، بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بۇرۇن مۇشۇ ئاۋات ناھىيە بىشئېرىق يېزىسىنىڭ ئىمامپاشا كەنتىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، بىنەم ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ۋە مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈپ باغ بەرپا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جايغا «توغراقلىقتىكى باغ» دېگەن مەنىدە «باغتوغراق» دەپ ئاتالغان.

**2. كەنت ناملىرى**

1) تۆۋەنكى تامتوغراق كەنت كومىتېتى. تامتوغراق يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىغا ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. 1958 - يىلى تامتوغراق 5 - چوڭ ئەترەت بولۇپ قۇرۇلغان، 1967 - يىلى كوممۇنانىڭ 9 - چوڭ ئەتەرىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1980 - يىلى تامتوغراق چوڭ ئەتەرىتى دەپ ئاتالغان، 1984 - يىلى تۆۋەنكى تامتوغراق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

كەنتنىڭ ئورنى يېزىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا جايلاشقانلىقتىن «تۆۋەنكى تامتوغراق» دەپ ئاتالغان. «تامتوغراق»نىڭ مەنە قاتلىمى تامتوغراق يېزىسى بىلەن ئوخشاش.

2) ئۈستۈنكى تامتوغراق كەنت كومىتېتى. تامتوغراق يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي تەرىپىگە بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. 1955 - يىلى تامتوغراق رايونى قۇرۇلغاندا، ئۈستۈنكى تامتوغراق كەنتى بولۇپ قۇرۇلغان، 1958 - يىلى تامتوغراق 6 - چوڭ ئەترەت بولۇپ ئۆزگەرتىلگەن،



uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



1967 ـ يىلى كوممۇنانىڭ 2 ـ چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1971 ـ يىلى ئىككى چوڭ ئەترەت بىرلەشتۈرۈلۈپ تامتوغراق 10 ـ چوڭ ئەترەت دەپ ئاتالغان، 1980 ـ يىلى ئۈستۈڭكى تامتوغراق چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالغان، 1984 ـ يىلى ئۈستۈڭكى تامتوغراق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

كەنتنىڭ ئورنى يېزىنىڭ ئۈستۈڭكى قىسمىغا جايلاشقانلىقتىن «ئۈستۈڭكى تامتوغراق» دەپ ئاتالغان. «تامتوغراق»نىڭ مەنە قاتلىقى تامتوغراق يېزىسى بىلەن ئوخشاش.

3) توغراقلىق كەنت كومىتېتى. تامتوغراق يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا يەتتە يېرىم كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. 1930 ـ يىلى كەنت تەسىس قىلىنغان. (ئەسلىدە ئاقسۇ ناھىيەسىنىڭ يېڭىئېرىق رايونىغا تەۋە ئىدى) 1955 ـ يىلى تامتوغراق يېزىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، (بىر مەزگىل هازىرقى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئايباغ يېزىسىغا) ، 1958 ـ يىلى تامتوغراق 5 ـ چوڭ ئەترەت بولۇپ قۇرۇلغان، 1967 ـ يىلى ئىككى چوڭ ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، بۇ جاي ئارال 4 ـ چوڭ ئەترەت دەپ ئاتالغان، كېيىن كوممۇنانىڭ 5 ـ چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1980 ـ يىلى توغراقلىق چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالغان، 1984 ـ يىلى توغراقلىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

بۇ جاي بۇرۇن قويۇق توغراقلىق بولغاچقا كىشىلەر «توغراقلىق» دەپ ئاتىغان.

4) ئۈستۈڭكى باغتوغراق كەنت كومىتېتى. باغتوغراق يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ غەربىي شىمالىغا بىر كىلومېتىر ئارىلىققا جايلاشقان. بۇ كەنت 1930 ـ يىلدىن بۇرۇن ئاقسۇ ناھىيەسىنىڭ بىشئېرىق رايونىغا تەۋە ئىدى، 1938 ـ يىلى غوروچۆل رايونىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 1950 ـ يىلى بىشئېرىق رايونىنىڭ ئاقچىقىل كەنتى قوشۇلۇپ شەھەر رايونىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 1955 ـ يىلى ئايكۆل رايونى (هازىرقى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئايباغ يېزىسى)غا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 1966 ـ يىلى مول هوسۇللۇق 1 ـ مەيدانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئۈستۈڭكى باغتوغراق چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالغان، كېيىن 4 ـ چوڭ ئەترەتكە ئۆزگەرتىلگەن، 1980 ـ يىلى ئۈستۈڭكى باغتوغراق چوڭ ئەترىتى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، 1984 ـ يىلى ئۈستۈڭكى باغتوغراق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

بۇ هازىرقى باغتوغراق يېزىسىنىڭ ئۈستۈڭكى تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن «ئۈستۈڭكى توغراقلىقتىكى باغ» («ئۈستۈڭكى باغتوغراق») دەپ ئاتالغان.

5) تۆۋەنكى باغتوغراق كەنت كومىتېتى. باغتوغراق يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ئۈچ يېرىم كىلومېتىر ئارىلىققا جايلاشقان. بۇ كەنت 1930 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئاقسۇ ناھىيەسىنىڭ بىشئېرىق رايونىغا تەۋە ئىدى، 1938 ـ يىلى غوروچۆل رايونىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 1950 ـ يىلى بىشئېرىق رايونىنىڭ ئاقچىقىل كەنتى قوشۇلۇپ شەھەر رايونىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 1955 ـ يىلى ئايكۆل رايونى (هازىرقى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئايباغ يېزىسى)غا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 1966 ـ يىلى مول هوسۇللۇق 1 ـ مەيدانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، تۆۋەنكى باغتوغراق چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالغان، كېيىن 5 ـ چوڭ ئەترەتكە ئۆزگەرتىلگەن، 1980 ـ يىلى تۆۋەنكى باغتوغراق چوڭ ئەترىتى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، 1984 ـ يىلى تۆۋەنكى باغتوغراق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

بۇ هازىرقى باغتوغراق يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن «تۆۋەنكى توغراقلىقتىكى باغ» («تۆۋەنكى باغتوغراق») دەپ ئاتالغان.

6) توغراقمازار كەنت كومىتېتى. بۇ دولان يېزىلىق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا بەش كىلومېتىر (دولان يېزىسى ئاۋات ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا بىر كىلومېتىر، توغراقمازار كەنتى ۋە مازىرى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا ئالتە كىلومېتىر) يىراقلىققا، ئاۋات، ئاقسۇ چوڭ يولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. بۇ كەنت 1930 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان، 1945 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە هازىرقى دولان يېزىسىنىڭ كىچىك بىشئېرىق كەنتى بىلەن بىر تۇتۇن (باۋ) بولۇپ قۇرۇلغان، ئەينى چاغدا شەھەر رايونىغا تەۋە ئىدى (بۇ يەردىكى شەھەر رايونى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ 1 ـ رايونى شەھەر رايونى دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ ئورنى هازىرقى ئاۋات بازىرىدا ئىدى)، 1955 ـ يىلى ئايكۆل رايونى (هازىرقى ئايباغ يېزىسى)غا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 1959 ـ يىلى بازارلىق كوممۇناسى (هازىرقى ئاۋات بازارلىق هۆكۈمىتى)گە ئايرىپ بېرىلگەن، 1964 ـ يىلى يەنە ئايكۆل كوممۇناسى (هازىرقى ئايباغ يېزىسى)غا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 1967 ـ يىلى

مول ھوسۇللۇق 1 ـ مەيدانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 1981 ـ يىلى ناھىيەلىك سورتلۇق ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەن، 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىنىپ دولان يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن شۇ يېزىغا تەۋە توغراقمازار كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

بۇ جايدا بىر قەدىمىي مازار بولۇپ، ئەتراپىدا غول توغراقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن كەنتنى «توغراقمازار كەنتى»، مازارنى «توغراقمازار»، مەسچىتنى «توغراقمازار مەسچىتى» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

7) توغراقلىق مەھەللە (تەبىئىي كەنت). مول ھوسۇللۇق 1 ـ مەيدان ئىشتابىنىڭ غەربىي شىمالىغا، تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، مول ھوسۇللۇق ئۆستەڭ بۇ كەنتنى كېسىپ ئۆتىدۇ. 1956 ـ يىلى ناھىيەلىك ئورمان پونكىتىنىڭ كۆچەتخانىسى قىلىنغان، 1966 ـ يىلى ناھىيەلىك مول ھوسۇللۇق 1 ـ مەيدان قۇرۇلغاندا مەيدان ئىشتابى بولغان، 1971 ـ يىلى مەيدان ئىشتابى ھازىرقى ئورۇنغا يۆتكەلگەندىن كېيىن 4 ـ لىيەنىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولغان، 1981 ـ يىلى «توغراقلىق مەھەللىسى» دەپ نام بېرىلگەن، ھازىر بۇ كەنتتە مول ھوسۇللۇق 1 ـ مەيدان 4 ـ لىيەنى تۇرۇشلۇق.

بۇ يەردە بۇرۇندىن توغراق جىق بولغاچقا «توغراقلىق مەھەللە» دەپ ئاتالغان.

8) يالغۇز توغراق (چارۋىچىلىق نۇقتىسى). بۇ غوروچۆل بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايدىن 59 كىلومېتىر يىراقلىقتا، خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. يايلاق كۆلىمى 5000 مو، يىل بويى تۇراقلىق چارۋا بېقىلىدۇ، مۇنتىزىم چارۋىچىلىق ئائىلىسى بار، توغراق، يۇلغۇن، سېرىق بۇيا، قومۇچ ئۆسىدۇ، بۇ جايدا ئۇزاق يىللىق تارىخقا ئىگە بىر تۈپ توغراق بولغانلىقى ئۈچۈن «يالغۇز توغراق» دەپ ئاتالغان.

9) خان توغراق (چارۋىچىلىق نۇقتىسى). غوروچۆل بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتا، يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان. يايلاق كۆلىمى 3500 مو، يىل بويى تۇراقلىق چارۋا بېقىلىدۇ، مۇنتىزىم چارۋىچىلىق ئائىلىسى بار، توغراق، يۇلغۇن، قومۇچ ئۆسىدۇ، بۇرۇن بۇ جايدا دولانلارنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرى ئولتۇرغان توغراقلىق يەر بولغاچقا بۇ جاينىڭ نامىنى «خان توغراق» دەپ ئاتالغان.

10) قارا توغراق (چارۋىچىلىق نۇقتىسى). غوروچۆل بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 20 كىلومېتىر يىراقلىقتا، يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان. يايلاق كۆلىمى 10مىڭ مو، يىل بويى تۇراقلىق چارۋا بېقىلىدۇ، مۇنتىزىم چارۋىچىلىق ئائىلىسى بار، توغراق، يۇلغۇن، كۆرۈك، سېرىق بۇيا ئۆسىدۇ، بۇرۇن بۇ جايدا توغراقلار ئوتتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن «قارا توغراق» دەپ ئاتالغان.

11) غازاڭ توغراق. ئايباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 20 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، مول ھوسۇللۇق 3 ـ مەيدانغا تۇتاش. ئومۇمىي كۆلىمى 7500 مو، يىل بويى تۇراقلىق چارۋا بېقىلىدۇ، مۇنتىزىم چارۋىچىلىق ئائىلىسى بار، توغراق، يۇلغۇن، يانتاق، ئاق تىكەن، كۆرۈك ئۆسىدۇ، بۇ جايدا بىر توپ توغراقلىق بولۇپ، كۈز پەسلى توغراق غازىڭى كۆپ يىغىلىپ قالغانلىقتىن كىشىلەر «غازاڭ توغراق» دەپ ئاتىغان.

ئاۋات ناھىيەسىنىڭ كۆپلىگەن مازارلىرىدا نەچچە يۈز يىللىق، نەچچە مىڭ يىللىق توغراقلار بار بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدىنلا ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى قەدىمدىن تارتىپ بوك ـ باراقسان توغراقلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ ئاۋاتتىكى دولانلارنىڭ توغراق بىلەن بىللە ياشاپ توغراقتەك چىداملىق، غەيرەتلىك، شۇنداقلا توغراقتەك مەغرۇر ياشايدىغان ئېسىل خىسلىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاۋات ناھىيەسىنىڭ غوروچۆل بازىرىنى ئالساق، تۇغلۇقتالتۇن، خەلپەم، ئاراگىرەم، قۇمبېرىق، قەياقۇدۇق، يەتتە گىرەم، بۇسغا، كەلپىن، بەشئېرىق، ئارا مەھەللە، قەدىمكى ئايماق، قارتال، خاڭگوڭ، 1 ـ ، 2 ـ يار بېشى، قىزىلدۆڭ، ئايسەك، چارۋىچىلىق ئەترەت... شۇنداقلا مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللەم خاڭگوڭنى ئالساق، 1 ـ گۇرۇپپىنىڭ مازىرى، 2 ـ گۇرۇپپىنىڭ مازىرى، 5 ـ گۇرۇپپىنىڭ مازىرى، 7 ـ گۇرۇپپىنىڭ مازىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە كەمدە ئىككى تۈپتىن كۆپىنچىسىدە بوك ـ باراقسان توغراقلار بار، مانا بۇ يۇقىرىقى قارىشىمنىڭ دەلىلى.

(ئاپتور: ئاۋات ناھىيەلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىدە)

# ئەنئەنىۋى ئاياغ — پىيما



ئابلىمىت ئابدۇرېشىت

ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردىلا ياشاۋاتقان ئورنىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، كىلىمات ئۆزگىرىشى، جۇغراپىيەلىك شارائىتى ۋە كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن خىلمۇخىل ئاياغ كىيىملىرىنى ئىختىرا قىلغان. قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئاياغ كىيىم ئاساسەن ھايۋان تېرىلىرى، يۇڭ، ياغاچ... قاتارلىقلارنى خام ئەشيا قىلىپ ياسالغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق رول ئويناپ كەلگىنى يەنىلا ھايۋان تېرىلىرىدىن ئىشلەنگەن، ئۇنىڭدىن قالسا قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن ئاياغ كىيىمدۇر.

پىيما — قوي يۇڭىدىن بېسىپ تەييارلىنىدىغان قونچلۇق قىشلىق ئاياغ كىيىمدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا پۇتنى ئىسسىق ۋە نەمدىن خالىي قۇرۇق تۇتۇشنى ساغلاملىقنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلايدۇ. شۇڭا قەدىمكى دەۋردە قىش پەسلىدە ۋە تاغلىق، سوغۇق رايونلاردا پىيما كىيىش ئومۇملاشقان، ئۇيغۇرلارنىڭ پىيما كىيىش تارىخىي تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، پىيما ئەڭ دەسلەپ كىگىز پايپاقتىن تەرەققىي قىلغان دېيىشكە بولىدۇ، يەنى كىگىز پايپاق پىيمىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىدۇر. ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپ يۇڭدىن ئىشلەنگەن ھەر خىل گۈللۈك، رەڭدار كىگىز پايپاقلارنى كىيگەن.

ھەقىقەتەنمۇ كىگىز پايپاقنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخى پىيمىنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخىدىنمۇ ئۇزاق. چۈنكى ئۇنى ئېتىش ئۇسۇلى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، كىگىز ئېتىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كىگىز پايپاقنى ئېتىش ئۇسۇلى مۇنداق: يۇڭنى يۇمشاق ئاتقاندىن كېيىن، چىغ ئۈستىگە سېلىپ يۆگەپ، دەسسەپ دومىلىتىپ ئاخىرىدا قول ئارقىلىق قاتۇرۇلىدۇ. ئاندىن سوزۇپ، تەڭشەپ پايپاق شەكلىگە كىرگۈزۈلىدۇ. تاپىنى يىپ بىلەن چېتىلدۇرۇلۇپ تىكىلىدۇ. پايپاقنى كىيىش ئوبيېكتلىرىغا ئاساسەن ئەرەنچە، ئايالچە، چوڭ-كىچىك قىلىپ ئېتىشكە بولىدۇ. رەڭگى جەھەتتىن ئاق پايپاق، گۈللۈك پايپاق دەپ بۆلۈنىدۇ. خاس ئاق يۇڭدا ئىشلەنگەنلىرى ئاق پايپاق بولىدۇ. گۈللۈك پايپاق سەل مۇرەككەپ

بولۇپ، ئاۋۋال چىغ ئۇستىگە بويالغان ھەر خىل رەڭلىك يۇڭلاردىن گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئۇستىگە يۇمشىتىلغان يۇڭ سېلىنىپ، رەڭلىك يۇڭ بىلەن ئاق يۇڭ مۇستەھكەم جىپسلاشقانغا قەدەر دومىلىتىپ قول ئارقىلىق قاتۇرۇلىدۇ. گۈللۈك پايپاقنىڭ گۈلى ئادەتتە ئۆتۈكنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرىدىغان قىلىپ ئېتىلگەچكە ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئۇ بەكمۇ ئىسسىق بولۇپ، سوغۇق قاتتىق بولغان ۋاقىتلاردىمۇ پۇتنى ئاسان توڭدۇرمايدۇ، پۇتنى تەرلەتمەيدۇ، يۇمشاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

پىيما دەل ئاشۇ كىگىز پايپاق ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن قىشلىق ئاياغ كىيىمى. ئۇ ئادەتتە كۈز پەسلىدە قىرقىلغان قوي يۇڭىدا ئېتىلىدۇ. پىيمىچى ئۇستىلار يۇڭنى يۇمشاق ئاتقاندىن كېيىن، يۇڭنى چىغ ئۇستىگە ئۆتۈك شەكلىدە تەكشى سالىدۇ. ئىچىگە چاپلاشتۇرمايدىغان رەخت سېلىپ يۇڭنى خامداپ خالتا شەكلىگە كەلتۈرىدۇ. ئاندىن تانا بىلەن مەھكەم تېڭىپ، كېيىن قول ئارقىلىق دومىلىتىپ قاتۇرىدۇ. پىيمىنىڭ چىڭ، قاتتىق بولۇشى ئۈچۈن يۇڭغا كىسلاتالىق سۇيۇقلۇق، كۈنجۈرا قاتارلىق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. كىگىز شەكلىگە كىرگەندىن كېيىن ياغاچتىن ياسالغان ياغاچ كالتەكنى ئىچىگە سېلىپ، تۇمشۇق ۋە تاپانلىرىنى سوزۇپ، ئەگرى ئىلمەك ياغاچتا ئۇرۇپ پايپاق شەكلىگە كىرگۈزىدۇ، ئۇنىڭ قېتىغا تۆمۈر زىقچىنى قويۇپ، قول بىلەن بېسىپ، قايناق سۇ بىلەن پىشۇرىدۇ. پىشىش ئۆلچەمگە يەتكەندىن كېيىن، ئىچىگە باش قېلىپ سالىدۇ. قونچىغا شاك قېلىپ سېۋىلىپ، پىيما شەكلىگە كىرگۈزۈپ قىزىتىدۇ. سىرتىدىكى قوپال يەرلىرىنى سىيلىقلايدۇ. ئاندىن قارا رەڭدە بوياپ پەردازلاپ، قونچىنى كېسىپ تەكشىلەپ قېلىپتىن چىقىرىدۇ. پىيمىنى كىيىش ئوبيېكتلىرىغا ئاساسەن ئەرەنچە، ئايالچە قىلىپ ئېتىشكە بولىدۇ. پىيما بەكمۇ ئىسسىق بولۇپ، قەھرىتان قىش كۈنلىرى بەكمۇ راھەت، بولۇپمۇ قار كۆپ ياغىدىغان، سوغۇق قاتتىق بولىدىغان رايونلاردا پىيما ئەڭ ياخشى ئاياغ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر پىيمىنىڭ تاپىنىغا چەم قويدۇرۇۋالسا ئون يىلدىن ئارتۇق كىيىشكە بولىدۇ.

كۇچا ناھىيەسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 193 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 164 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 15 مىڭ 379 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيەلىك ئورنى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، كىلىماتى قۇرغاق، يامغۇر ئاز ياغىدۇ. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلباغ، قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە. كۇچادىكى ئىجتىمائىي كەسىپ ۋە خەلق تۇرمۇشىدا قەدىمدىن تارتىپ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. كۆپلىگەن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر قىسمى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، كۇچالىقلار قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتتىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تېرىم مىللىتىگە ئۆتكەندىن كېيىنمۇ چارۋىچىلىقتىن ئايرىلماي، چارۋىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئۇنۇملۇك رولىدىن كەڭ دائىرىدە پايدىلىنىپ كەلگەن. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا چارۋا ماللارنىڭ قىغىنى زىرائەتلەرگە ئوغۇت قىلغان، يول يۈرۈش، قوش ھەيدەش، نەرسىلەرنى توشۇشقا ئىشلەتكەن، گۆش، سۈتىنى ئوزۇق قىلغان. يۇڭ ۋە تېرىسىدىن پايدىلىنىپ، يۇڭ گىلەم، پىيما، چۇلۋۇر، ئارقان، ئارغامچا، كىيىم-كېچەك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياسىغان.

ئادەتتە پىيمىنىڭ خام ئەشيا مەنبەسى مول، تەننەرخى تۆۋەن بولۇشىغا قارىماي چىدامچانلىقى ئىنتايىن يۇقىرى، سوغۇقتىن ساقلاش، سۇركىلىشكە چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكتىن باشقا ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالاش ئۈنۈمىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى.

پىيما ياساش ھۈنىرى قەدىمكى كۇچا خەلقىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دەۋردىلا بارلىققا كەلگەن ۋە يېقىنقى مەزگىللەرگىچە داۋام قىلغان. ئازادلىقتىن دەسلەپكى مەزگىللەردە بەلگىلىك كۆلەمدىكى پىيمىچىلىق كارخانىلىرى قۇرۇلغان، مەلۇماتلارغا قارىغاندا كۇچالىق توختى مۇھەممەد دېگەن كىشى 1938-يىلى ئۆيىدە پىيمىچىلىق دۇكىنى قۇرغان. توختاخۇن ئۇستامنىڭ شۇ مەزگىلدە ئىشلىگەن مەھسۇلاتلىرى كالاچقا قاپلاپ كىيىدىغان ئەرەنچە، ئايالچە چۇسۇنكا پىيما، ئۇزۇن قونچلۇق ئەرەنچە، ئايالچە چۇسۇنكا پىيما، ئۇنىڭدىن باشقا ئەرلەر



2017.4

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېيىدىغان يوڭدا ياسالغان كىگىز چاپان، يوڭدىن ياسالغان قالپاق قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ خىل مەھسۇلاتلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ھەنەرۋەنچىلىكىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ جەريانىدا ئىبراھىمئاخۇن ئۇستام، بەكرىئاخۇن ئۇستام، داۋۇتئاخۇن ئۇستام قاتارلىق كىشىلەرگە پىيما ئىشلەشنى ئۆگەتكەن. بۇلار دۇكان ئاۋرىپ چىقىپ، ئۇستام بولۇپ، تۇرسۇن داۋۇت، توقسۇن ئاخۇن، ھوشۇر ئاخۇن، ئاۋدۇن ئاخۇن، ئىبراھىم ماھۇتلارغا ئۆگەتكەن. بۇلار كۇچانىڭ 1948 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچەلىك بولغان ئارىلىقتىكى پىيمىچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، 1956 ـ يىلغا كەلگەندە 52 نەپەر كىگىزچى، پىيمىچىلار كوللېكتىپ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، پىيمىچىلىكنى بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە قىلغان. ئاشۇ مەزگىلدە تەربىيەلەنگەن بىر قىسىم ئۇستاملار تا يېقىنقى مەزگىللەرگىچە بۇ كەسىپنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

گەرچە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك قارىشى ۋە ئۆلچىمىنىڭ ئۆزگىرىشى، يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، پىيمىدىن ئىبارەت بۇ ئاياغ كىيىمنىڭمۇ ئىستېمالدىن قېلىشى بىلەن تەڭ ئەنئەنىۋى پىيمىچىلىق ھۈنەرىمۇ يوقىلىشقا قاراپ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، كۇچا ناھىيەلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، ۋارىسلىق مەركىزىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن كۇچا ئەنئەنىۋى پىيمىچىلىق ھۈنىرى 2015 ـ يىلى ۋىلايەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي، مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. نۆۋەتتە ھاموت خالىق، ئۇنىڭ ئوغلى يۈسۈپ ھاموت، ئۇنىڭ ئوغلى ھەسەن يۈسۈپ كۇچادىكى پىيمىچىلىق ھۈنىرىدىن ئىبارەت مۇشۇ تۈرنىڭ ۋارىسلىرى دەپ قاراپ ئەنگە ئېلىندى.

نۆۋەتتە كۇچا ناھىيەسىدە بۇ تۈرنى ساقلاش، قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە ھۈنەر ـ سەنئەت تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، شاگىرت تەربىيەلەش، تەشۋىق قىلىش جەھەتلەردە بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەر ئىشلەندى. بۇ تۈرنىڭ ۋارىسلىرى بىر قەدەر كۆپ بولغان ئوچا بازىرى، ئىشخىلا بازىرى، كۇچا بازىرى قاتارلىق بازارلاردىكى تەربىيەلەش، تەشۋىق قىلىش، تەتقىق قىلىش خىراجەت كاپالىتىگە ئىگە قىلىندى. تۈر خىراجىتىگىلا ھەر بىر بازار ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق بۇ تۈر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئىلھام بېرىلدى.

پىيما ۋە پىيمىچىلىق تەتقىقاتى — ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى، جۇغراپىيەلىك جايلىشىش ئەھۋالى، ساغلاملىق ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىش، پىيمىچىلىقنى بۈگۈنكى زاماننىڭ ئىستېمال سەۋىيەسىگە ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش — پىيما تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ رەڭدار مەزمۇنغا ئىگە قىلىش، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش ۋە ساياھەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

(ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)

MIRAS


**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!**

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى، 2010 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن ـ يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.

# قارلىق مەشرىپىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى



ھۆسەنجان نامان

دولانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، مەھەللە ئايماق قۇرۇلۇپ، مەلۇم دەۋر ئۆتكەندىن كېيىن مۇزىكىلىق ژانىر «مۇقام» پەيدا بولۇپ، يەنە ئازراق مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ناخشا - ئۇسسۇل، ناخشا تېكىستى، ئۇسسۇلدىكى تەقلىدىي ھەرىكەت شەكلى ۋە مەزمۇنلىرى تېخىمۇ بېيىتىلىپ، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، بېيىت - قوشاق ئېيتىش، ھەر خىل قىزىقچىلىق، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىيلاشقان مۇراسىم پائالىيەتلىرى تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن. ئۇسسۇل ھەرىكىتىدىكى قول ھەرىكىتى، بەدەن ھەرىكىتى، چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاش قاتارلىقلار توتېملىرىنىڭ ھەرىكەت تەسۋىرلىرىدىن ئېلىنىپ، بۇنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي جامائەت شارائىتىدا كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىكى - ئوۋچىلىق ئېگىلىكى شارائىتىدا ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئويۇن ھەرىكەتلەرگە ئىجتىمائىي پائالىيەت ئوبرازلىرى سىڭدۈرۈلگەن. بۇ خىل ئويۇن مۇراسىملىرى پەقەت توتېملىرىنىڭ تەقلىدىنى دوراش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، باشقا ئىجتىمائىي ھادىسە، تەسىرلىك ئوبراز، قىزىقارلىق ھەرىكەت مەزمۇنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئويۇن ھەرىكىتىدىكى دىراماتىك خۇسۇسىيەتلەر كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك زوقىنى قوزغاپ، بۇ ئويۇنلار كۆڭۈل ئېچىش سۈپىتىدە ئوينىلىپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەينى زاماندىكى تىرىكچىلىك قىيىنچىلىقلىرى، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش قىيىنچىلىقلىرى ئاستىدا ناھايىتى كۆپ ئازاب تارتقان بولسىمۇ، ئىپتىدائىي سەنئەت ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش رولىنى ئويناپ، ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامداشنىڭ سىرتىدىكى چاغلىرىنى ئايلاپ، يىللاپ ئويۇن بەزمىلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئويۇن تەركىبىدىكى ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، ئۆزئارا قوشاق ئېيتىش قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، بىر يۈرۈش سەنئەت رىتىمى قۇرۇلمىسىنى پەيدا قىلىپ، تەدرىجىي سىستېمىلىشىپ بىر ئورۇندىلا ناخشا، ئۇسسۇل، قوشاق ئېيتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەرتىپلىك ۋە رىتىملىق ئېلىپ بېرىلىدىغان «مەشرەپ»نى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل مەشرەپ — رېئال تەقلىدچىلىك ۋە ئۇنىڭ ئەكسىچە رومانتىك تەسەۋۋۇرنى، شۇ ئاساستىكى بەدىئىي ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ئاساسەن «مەشرەپ» بولۇشتىكى بەش مۇھىم شەرت، يىگىتبېشى، مىرۋاز، نەغمەكەش، ئۇسسۇلچى، قىزىقچى قاتارلىقلارنى ھازىرلىغان.

بۇ يەردە شۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەككى «دولان مۇقامى» بارلىققا كېلىپ ئازراق مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن «دولان مەشرىپى» بارلىققا كەلگەن، مەشرەپ بولۇشتىكى بەش شەرتنى ھازىرلىمىغان ھەرقانداق كىچىك تىپتىكى سەنئەت پائالىيىتىنى «مەشرەپ» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ.

«مەشرەپ» خاراكتېرلىك پائالىيەتلەر ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ھادىسە شەكلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرى، ئەمگەك ئوبرازلىرىنى ھەم ئىنسانلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تۇرمۇشىغا نىسبەتەن كۆز قاراش، تەسەۋۋۇرلىرىنى مەزمۇن قىلغان. ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىدىن ئىپتىدائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەنئەت ئوبيېكتلىرىغا خاس مول مەزمۇنلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. دولان مەشرىپىنىڭ تۈرلىرىمۇ بىر قانچىگە يېتىپ دولانلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملىششقا باشلىغان. بۇلار: «قىز تويى مەشرىپى»، «جۇۋان تويى مەشرىپى» (چاشۋاق توي مەشرىپى)، «چاقپەلەك مەشرىپى»، «قاتارى مەشرەپ»، «قوغۇن چېيى مەشرىپى»، «باغ سەيلىسى مەشرىپى»، «تەكلىپ مەشرىپى»، «ناماقۇللۇق مەشرىپى»، «ئاداۋەت يۇيۇش مەشرىپى»، «قارلىق مەشرىپى»، «نورۇز مەشرىپى»، «كىتاب مەشرىپى»، «ئائىلە مەشرىپى»... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، دولانلار مەشرەپنى مەنىۋى ھاياتنى بېيىتىشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى قىلىپ، دەۋرىمىزگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى — مۇھەببەت، ساداقەت، ئادالەت، باتۇرلۇق، ئىناقلىق، دوستلۇق قاتارلىق ئىجتىمائىي جان تومۇرلارنىڭ مەدەتكارى بولۇپ، ئۇ كۈچلۈك لىرىكىلىق ھېسسىياتقا باي، مول، رەڭگارەڭ ناخشا-ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىلارنىڭ، جۈملىدىن خىلمۇخىل مەزمۇندىكى خەلق قوشاقلىرى، بېيىتلىرى ۋە نەزمىلىرىنىڭ جەلپكارلىقى كىشىلەردە چوڭقۇر ئېستېتىك زوق قوزغايدۇ، «ئۇيغۇر مەشرەپلىرى» ئومۇمەن ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

(1) نەغمە-ناۋا بىلەن ئۇسسۇل بىرلەشتۈرۈلگەن قىسمى

(2) ھەر خىل كومېدىيەلىك تۈس ئالغان ئويۇن قىسمى

(3) مەشرەپ ئەھلى بەلگىلىگەن بىر يۈرۈش قائىدە-نىزام ۋە «جازا» قىسمىدىن ئىبارەت.

مەشرەپلەر مۇددىئاسى ۋە نىشانى ناھايىتى ئېنىق بولغان ھالدا بىرەر پەسىل ياكى بىرەر خۇشاللىق كۈنىگە توغۇرلاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىرەر كىشى مەشرەپ ئۆتكۈزمەكچى بولسا مەردلىكىگە ئېلىپ شۇ يۇرتتىكى يېقىن دوست، ئاغىنە-بۇرادەرلىرىنى، قولۇم-قوشنىلىرىنى، تەڭتۇشلىرىنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرىدۇ.

ھەر بىر دولان مۇقام-مەشرەپلىرى مەلۇم سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ئەمدى بىز «قارلىق مەشرىپى»نىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىگە نەزەر سالساق، قارلىق مەشرىپىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پەيدا بولۇش جەريانى يەنىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراستى، ئۆم-ئىناقلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى بەدىئىي سەنئەت دەرىجىسىدە نامايان قىلىپ بەرگەن. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قار ياغقان چاغدا ئۆيىدە دۈگدىيىپ، غېرىبسىنىپ، ئۆزىنىڭلا غېمىنى قىلىپ ئولتۇرماستىن بەلكى قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ غېمىنى قىلىپ، ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەتلىك بولۇپ كەلگەن.

قارلىق مەشرىپى تۇنجى قار ياغقاندا ياكى بىر ئىككى كۈن ئۇزۇقراق قار ياغقاندا ئېلىپ بېرىلىدۇ. قەدىمقى ئەجداتلىرىمىز بىر-بىرىگە شۇنداق مېھرىبان بولۇپ، ناھايىتى ئۆم-ئىناق ئۆتەتتى. قارلىق مەشرىپى قانداق بارلىققا كەلدى دېگەن سوئالغا كەلسەك، دولانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى قۇرغاق بولۇپ ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، كىشىلەر قار-يامغۇرنىڭ كۆپرەك يېغىشىغا تەشنا، شۇڭا تۇنجى قارنى قۇتلۇقلاش ياكى قار ياغقان چاغلاردا بىر-بىرىنى ياد ئېتىپ «پۇستاناخۇن قانداقراق ئولتۇرغاندۇ؟ ئاۋۇ يىراقتىكى قوشنىمىزنىڭ چارۋا-ماللىرى قانداقراق تۇرغاندۇ؟... دېگەن كۆيۈنۈش ھېسسىياتىدا بىر-بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋال سوراشتىن كۆڭلى ئىللىپ قارلىق مەشرىپى ئويناشنى بارلىققا كەلتۈرگەن. يەنە بىر جەھەتتە، دولانلار قىش كېلىپ تۇنجى قار ياغقان كۈنى «قارلىقنامە» يېزىپ ئۇنى يۇرت ئىچىدە كۆڭلى خالىغان بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ «قارلىق» تاشلاپ، قايتىش ۋاقتىدا «قارلىق بېسىۋالمىسۇن!» دەپ توۋلىغىنىچە قاچىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئارقىسىدىن قوغلايدۇ، مۇبادا ئۇنى تۇتۇۋالسا، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىدۇ ياكى مەشرەپ ئۆتكۈزۈش جازاسىنى بېرىدۇ.

ئەگەر تۇتۇۋالالمىسا ئۆي ئىگىسى قارلىقنامىدىكى تەلەپلەر بويىچە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ «قارلىق مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. قارلىق مەشرىپى باشلىنىشتىن بۇرۇن چوڭلار ياكى بالىلار قاردىن ھەر خىل شەكىللەرنى ياساپ ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى جارى قىلدۇرىدۇ، بىر-بىرىگە قارنى پوكزەك قىلىپ ئېتىپ تەبىئەتتىن ئالغان قايناق ھېسسىياتىنى نامايان قىلىدۇ، بۇ جەھەتتە قارلىق مەشرىپىنىڭ خاسىيىتى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، قار ياغقان چاغدا ئەڭ ئالدى بىلەن قارلىق مەشرىپىنى ئەسكە ئالىدۇ، دوستلىرىغا، قولۇم-قوشنىلىرىغا قارلىقنامە تاشلاشنى خىيال قىلىدۇ. ھازىرقى ئېلېكترون، ئۇچۇر دەۋرىدىمۇ «قارلىق مەشرىپى» كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى.

(ئاپتور: ئاۋات ناھىيەلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# يۇرتىمىزدىكى دەڭ ـ سارايلار

مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن

ئۇيغۇرلاردا دەڭ ـ ساراي مەدەنىيتى ناھايىتى بۇرۇنلا خېلى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. مېھمانخانا ئاشخانا، ئاتخانا، ئامبار، سودا ـ تىجارەت، ھويلا ـ ئاران مەدەنىيتى كۆل، باغ ساياھىتى ئۆزئارا زىچ گىرەلەشكەن دەڭ ـ ساراي مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۇرگەن. ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان ئىرقتىكى سودا كارۋانلىرىنى كۈتۈۋېلىپ ئۇلار بىلەن ئالاقىدە بولۇپ، ئۆزئارا تاۋار ئالماشتۇرۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، تىللىرىنى ئۆگىنىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە ياردەم بېرىپ دۇنياۋى ئالاقە ۋاستىسى بولغان بۈيۈك يىپەك يولىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، يىپەك يولىدا ئۆچمەس ئابىدىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## دەڭ ـ سارايلارنىڭ پەيدا بولۇشى

ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش جەريانىدا كۆپلىگەن شەھەر، بازارلاردىن بەرپا قىلغان، چوڭ ـ كىچىك شەھەر، بازارلاردا تۈرلۈك ساراي، سودا ـ تىجارەت ئورۇنلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئەينى ۋاقىتتىكى قاتناش قورالى پەقەت ھايۋانلار ئىدى. مال يۆتكەيدىغانلار ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلەتتى. يۇرت ـ يۇرتلاردىن يولغا چىققان سودا كارۋانلىرى سان ـ ساناقسىز كارۋانلار توپىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. سودا كارۋانلىرىنىڭ مال يۆتكەش مۇساپىسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. بەزى سەپەرلەر بىر نەچچە كۈنلۈك بولسا، بەزى سەپەرلەر بىر نەچچە ئون كۈنگە، ھەتتا بىر نەچچە ئايغا سوزۇلاتتى. ھايۋانلارنىڭ مېڭىش سۈرئىتى چەكلىك بولغاچقا

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



مەلۇم نىشانغا بارغاندا شۇ يەردە قونۇپ، هايۋانلارنى دەم ئالدۇرۇپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ مېڭىشقا توغرا كەلەتتى. بولۇپمۇ تەكلىماكان چۆل قۇملۇقى، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولغاچقا يىپەك يولى بويىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ئارىلىقىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى. كارۋانلار بەزىدە چۆل - باياۋانلاردا قونسا، بەزىدە شەھەر، بازارلاردا قونۇشقا توغرا كېلەتتى. بەزى جايلاردا ئوت - چۆپ بار ئورۇندا قونۇشقا توغرا كەلسە، بەزى جايلاردا سۇ، ئاش - تاماق بار جايدا قونۇشقا توغرا كېلەتتى. مانا مۇشۇنداق ئوخشاش بولمىغان شارائىت يىپەك يولى بويىدىكى بوستانلىقلار ۋە شەھەر، بازارلاردا سەپەرچى، يولۇچى، كارۋانلار قونۇپ دەم ئېلىپ ئۆتىدىغان جاي — دەڭ - مېھمانسارايلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ دەڭ - سارايلاردا قونۇپ دەم ئالغان. يازلىق ۋە قىشلىق ئاراھگاھلار ئۆي - هۇجرىلار، ئات - ئۇلاغلار ئۈچۈن ئېغىل - ئاتخانىلار سېلىنغان. بۇنداق دەڭ - سارايلارنىڭ بەزىسىگە ئون نەچچە ئادەم سىغسا، بەزىسىگە بىرەر يۈز ئادەم سىغاتتى. بەزى دەڭ - سارايلاردىكى ئېغىل ئاتخانىلارغا ئون نەچچە ئات -ئۇلاغ سىغسا، بەزى ئاشۇ ئات، ئۇلاغلارغا يەتكۈدەك ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك ۋە ئوقۇرلار بولاتتى. دەڭ - سارايلار ئەتراپىدا كۆل، ئاشخانا ناۋايخانا، چايخانا، ساتىراشخانا، باققاللار بولاتتى. يەنە هەر قايسى دەڭ - سارايلاردىكى هەر بىر هۇجرىدا مېھمانلارغا تەييارلانغان يوتقان - كۆرپە، چاي قاينىتىپ ئىچىدىغان چۆگۈن، چەينەك بولغاندىن سىرت هەر بىر كارۋاننىڭ تاۋارلىرىنى ساقلايدىغان قازناق ئۆي يەنە ئامبار بولاتتى. كارۋانلار تاۋارلىرىنى ئىچكىرىدىكى قازناققا ئەكىرىۋېتىپ ئۆزى تاشقىرىدىكى سارايدا ياتاتتى. دېمەك هەر بىر كارۋان ئۆز تاۋارلىرىنى ئۆزى ساقلاش شارائىتىغا ئىگە ئىدى. تاۋار ئىگىلىرى مېھمانسارايدا قونغان كۈن، يىگەن تائام، ئات، ئۇلاغلىرىنىڭ تۇرغان كۈن، يېگەن ئوت - چۆپ، بوغۇزلىرىنىڭ سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن هەق تاپشۇراتتى. چۆل - باياۋانلاردا بەرپا قىلىنغان دەڭ - سارايلاردا كارۋانلار ئاساسەن بىر كېچە قونۇشنى ئاساس قىلاتتى. ئەمما شەھەر، بازارلاردا بەرپا قىلىنغان دەڭ - سارايلاردا كارۋانلار تاكى تاۋارلىرىنى سېتىپ بولغۇچە تۇراتتى. شەھەر، بازارلاردا بەرپا قىلىنغىنى دەڭ - مېھمانساراي، چوڭ باياۋانلاردا بەرپا قىلىنغىنى، ئۆتەڭ، ساتما دەپ ئاتىلاتتى. دەڭ، مېھمانساراي، ئۆتەڭ غوجايىنلىرى دەڭچى دەپ ئاتىلاتتى. بۇنداق دەڭ مېھمانسارايلار يىپەك يولى بويىدىكى چوڭ - كىچىك شەھەر، بازارلارنىڭ هەممىسىدە بولاتتى. چوڭ شەھەرلەردە بۇنداق دەڭ - سارايلاردىن بىرەر 100 يەردە بولسا، كىچىك بازارلاردا بىر نەچچە يەردە بولاتتى. مېھمان كۈتۈش دەرىجىلىرىمۇ ئوخشىمايتتى. بەزى چوڭ بايلار بەرپا قىلغان. دەڭ - مېھمانسارايلارنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى نەچچە ئون موغا يېتەتتى. ئايرىم هۇجرىلىرىمۇ كۆپ بولاتتى، خوجدار، ئىشلەمچىلەر، ئات باقارلار، مېھمان كۈتكۈچىلەر، چىراغچىلار، ئات يېتىلىگۈچىلەر، پىچان توغرىغۇچىلار، كىر يۇغۇچىلار بولۇپ نەچچە ئون ئادەم ئىشلەيتتى، يىپەك يولى بويىدىكى دەڭ مېھمانسارايلار مانا مۇشۇنداق ئوخشاش بولمىغان شارائىتلار تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان.

## دەڭ - سارايلارنىڭ قۇرۇلمىسى

دەڭ - سارايلار ئاساسەن چوڭ يول بويى ياكى دەريا، ئۆستەڭ بويلىرى، شەھەرنىڭ كىرىش ياكى چىقىش ئېغىز ئەتراپىغا ياكى بولمىسا بازارنىڭ ئەڭ ئاۋات رەستەسىدە كۆپرەك قۇرۇلغان، هويلىلار ئاساسەن چوڭ قورۇنى ئاساس قىلغان بولۇپ ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن قورشالغان بىرلا دەرۋازىدىن كىرىپ چىقىدۇ. قورۇنىڭ ئىچىدە مېھمانخانا، ئامبار، ئاشخانا، كۆل، قۇدۇق، ئاتخانا، سامانخانا، مۇنچخانا، دەم ئېلىش ئۆيلىرى بىر گەۋدىلەشكەن. دەرۋازىغا، هەر بىر هۇجرىغا، ئاتخانىغا، سامانخانىغا، باغقا قارايدىغان ئايرىم - ئايرىم ئادەملەر قويۇلغان مېھمانسارايغا كىرگەن. چىققان ئادەملەر ئات، ئۇلاغلار ئىنچىكە تەكشۈرۈلەتتى، بىرمۇبىر تىزىملىناتتى. ئىسمى نېمە، قەيەردىن كەلدى، قەيەرگە بارىدۇ، قانداق تاۋار ئەكەلدى، سانى قانچىلىك، تاۋارنىڭ هەققى ئىگىسى كىم، تاۋار ئۆزىنىڭمۇ ياكى ئېلىپ كەلگىنى كىراكەشمۇ، سارايدا قانچە كۈن تۇرىدۇ. يول خېتى بارمۇ، دېگەندەك تۈرلەر بويىچە تىزىملىناتتى، ئاندىن تاۋار بىر- بىرلەپ تەكشۈرۈلەتتى. يۆتكەش مەنئى قىلىنغان ماللار بولسا

مېھمانسارايغا كىرگۈزۈلمەيتتى. مانا بۇلار ھەرقايسى چوڭ - كىچىك شەھەر، بازارلاردىكى دەڭ - مېھمانسارايلارنىڭ ھەم تەشكىلى ھەم ئىچكى، تاشقى شەكىل قۇرۇلمىسى، دەڭ - مېھمانساراي ئاچقانلار مەيلى قايسى دەۋر، قانداق ھاكىمىيەت ۋاقتىدا كىم مېھمانساراي ئاچقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتكە تېگىشلىك باج تاپشۇراتتى.

### دەڭ - مېھمانسارايىنىڭ رولى

ئەينى ۋاقىتتىكى سەپەرچى، يولۇچى، سودا - كارۋانلىرىنىڭ سەپەر جەريانى بەك مۇشەققەتلىك ئىدى. نەچچە كۈن، نەچچە ئايلىق يوللارنى گاھىدا پىيادە، گاھىدا ھايۋانلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق داۋاملاشتۇراتتى. قىشتىكى قەھرىتان سوغۇقتا توڭلاپ ئۇششۇپ قالىدىغانلار ھەتتاكى ئۆلۈپ كېتىدىغانلار چىقسا يازدىكى تومۇز كەلكۈن بوران، چاقماق دېگەنلەرنىڭ ئاپىتىگىمۇ دائىم ئۇچراپ تۇراتتى. ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ كەلگۈچە نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلىپ ئاران دېگەندە يېتىپ كېلەتتى. بەزىدە ئېلىپ كەلگەن تاۋارلاردىن، بەزىدە ئات - ئۇلاغلاردىن ئايرىلىپ قالاتتى. بۇنداق روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى جاپا - مۇشەققەت ئۇلارنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. ئەمما تۇرمۇش ھاياتلىق ئۈچۈن بۇ مۇساپىنى ئاخىرغىچە باسمىسا زادى بولمايتتى. كارۋانلارنىڭ بىرەر دەڭ - مېھماسارايغا خاتىرجەم كېلىۋالغانلىقى ئۇلارنىڭ بەختى ئىدى. دەڭ - مېھمانسارايدا بىر كېچە قونۇپ ئۇخلىۋېلىش ئۇلار ئۈچۈن ئالەمچە خۇشاللىق ئىدى. يەنە سودا كارۋانلىرى شەھەر، بازارلارغا كىرگەندە ئۆزلىرىنىڭ، تاۋارلىرىنىڭ، ئات، ئۇلاغلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، ئوزۇقلىنىشى، ئارام ئېلىشى ئۈچۈنمۇ ئەڭ مۇۋاپىق جاي دەڭ - مېھمانساراي ئىدى، بۇ جەھەتتىن ئۇنىڭ رولىنى ھەرگىز ئاددىي چاغلىغىلى بولمايدۇ. دەڭ - سارايلاردا يەنە ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان ئىرقتىكى كىشىلەر جەم بولىدىغان بولغاچقا ھەر خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىر - بىرىگە ئۈنسىز تەسىر قىلىدۇ، سودا جەريانىدا بىر - بىرىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق ئىجتىمائىي ئالاقە يەنە شۇ دەڭ - مېھمانساراي ئىچىدە قويۇق بولىدۇ، بۇ جەھەتلەردىن ئالغاندىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى دەڭ - مېھمانسارايلارنىڭ رولى ھەقىقەتەن چوڭ بولغان.

### شەھەرلەردىكى دەڭ - سارايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئەينى ۋاقىتتىكى دەڭ - سارايلارغا چۈشىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى سودا كارۋانلىرى ئىدى. ئۇلار تاۋارلارنى مېھمانسارايدىكى ئامبارغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن بىر - بىرلەپ سېتىشقا باشلايتتى. سودا ياخشى بولسا تاۋارلىرىنى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە سېتىپ تۈگىتىپ يەنە يېڭى سەپەرگە ئاتلىناتتى، ئەگەر تاۋارلار سېتىلماي قالسا ئېشىپ قالغان تاۋارلارنى دەڭ - مېھمانساراي خوجايىنلىرىغا يەنى دەڭجاغا ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىشكە قالدۇرۇپ قويۇلاتتى، تاۋار ئىگىسى دەڭجاغا مۇۋاپىق ھەق تۆلەيتتى ياكى تاكى تاۋار ئىگىسى ئېشىپ قالغان تاۋارلارنى ئالدىرىماي سېتىپ پۇل قىلىۋالاتتى ياكى بولمىسا سودا كارۋانلىرى سېتىپ بولالمىغان تاۋارلىرىنى دەڭ - مېھمانسارايدا قالدۇرۇپ قويۇپ ئۇنى سېتىپ پۇل قىلىشقا مەخسۇس ئادەم قالدۇرۇپ قوياتتى. بەزى تاۋارلار تەڭ قىممەتكە ئالماشتۇرۇلاتتى. ئومۇمەن ئالغاندا ئەينى ۋاقىتتىكى دەڭ - مېھمانسارايلار ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى باشقا رەستىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ قويۇق بولغان.

### چۆل - باياۋانلاردىكى دەڭ - مېھمانسارايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

يىپەك يولى بويىدىكى بوستانلىقلار چۆل - جەزىرىلەر بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئارىلىقى يېقىن، بەزىلەرنىڭ ئارىلىقى، نەچچە 100 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا پىيادە ياكى ھايۋان كۈچى ئارقىلىق مېڭىشتا بىر كۈنلۈكتىن ئېشىپ كېتىدىغان يول بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىسىگە دەڭ بەرپا قىلىنغان، بۇنداق دەڭلەرنىڭ بەزىسىنى بايلار مەبلەغ سېلىپ مەلۇم بىر ئائىلىلىك كىشىلەرنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ دەڭدە قونۇپ ئۆتكەن كارۋانلاردىن ئازراق ھەق ئېلىش ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئاساسىدا يولۇچىلارغا ئاسانلىق توغدۇرۇپ بېرىلگەن، بايلار

uyghurkitap.com



بۇنى خاسىيەتلىك ئىش دەپ قارىغان. بەزى دەڭلەرنى چارۋىچىلار بەرپا قىلغان، ئۇلاردىن بىرسى يېقىن ئەتىراپتا چارۋا باقسا باشقىلىرى دەڭدە يولۇچىلارنى كۈتۈش، ئات، ئۇلاغلىرىنى، تاۋارلىرىنى جايلاشتۇرۇپ يولغا سېلىپ بېرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، يەنە بەزى دەڭلەردە ئادەتتىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى تۇرمۇشنى قامداش مەقسىتىدە بەرپا قىلغان. بۇنداق دەڭلەر ئىككى بوستانلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق ئورۇنغا بەرپا قىلىنغان. ئەڭ ئاساسلىقى سۇ مەسلىسىنى ئويلاشقان، پەقەت ئىمكانىيەت يوق يەرلەردە قۇدۇق كولاپ سۇ مەسلىسىنى ھەل قىلغان، سودىسى ياخشىراق يەرلەرگە بەرپا قىلىنغان دەڭلەردە بارا - بارا ئاھالىلەر كۆپىيىپ بوستانلىقلارغا ئايلانغان. سۈيى قىس جايلاردا بەرپا قىلىنغان دەڭلەر زامانىۋى قاتناش قۇراللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ يەنە چۆللىشىپ كەتتى، يىپەك يولى بويىدىكى نۇرغۇن يولۇچىلارنىڭ ھاياتىنى خەتەردىن قوتقۇزۇۋالغان شەھەر، بازاردىكى دەڭ - مېھمانسارايلارنىڭ يولۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئوينىغان رولى تېخىمۇ چوڭ بولغان، بۇنداق دەڭلەردە قونىدىغان يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تۆۋەن قاتلامدىكى يولۇچىلار بولغاچقا دەڭلەر ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقان.

### دەڭچىلاردىكى مەسئۇلىيەت

دەڭ - مېھمانسارايلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى ناھايىتى مۇكەممەل بولۇپ مېھمانسارايلارنى خەۋەر ئالىدىغان مەخسۇس قوغداش خادىملىرى قويۇلغان. دەرۋازىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان، كارۋانلارنىڭ تاۋارلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان، ئات - ئۇلاغلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان خادىملار قويۇلغان، كارۋانلار دەڭ - مېھمانسارايغا چۈشكەن كۈندىن باشلاپ مېھمانسارايدىن ئايرىلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق ئىشلىرىغا دەڭچىلار مەسئۇل بولۇپ كارۋانلارغا تىنچ شارائىت ھازىرلانغان. مېھمانسارايغا ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ چوڭ بايلىرى، بەگلىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ھەربىي ئەمەلدارلار... كېلىدىغان بولغاچقا ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاقە ئىشلىرىنى بېجىرىشتە دەڭچىلار مۇناسىۋەتنى ياخشى تەڭشەپ تۇرغان. مېھمانسارايغا چۈشكەن ھەر-قانداق ئادەمنى تىزىملاپ كىرگۈزىدىغان تۈزۈم ئورناتقاچقا مەسئۇلىيەت كىشى بېشىغا قەدەر ئەمەللىيلەشتۈرۈلگەن، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مېھمانسارايغا كېلىدىغان خېرىدارلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتكەن.

### قەدىمىي دەڭ - سارايلارنىڭ مۇھىتى

كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ دەڭ - سارايلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھىتىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. كۆپىنچە دەڭ - سارايلار ھويلا ئوتتۇرىسىغا كۆل كولاپ، ئەتراپىغا دەرەخ تىكىپ، دەرەخ ئاستىغا كاراۋات قويۇپ ياكى سۇپا ياساپ يولۇچىلارنىڭ دەم ئېلىشقا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن، يەنە مېھمانسارايلارنىڭ ھوجرىنىڭ ئەتراپلىرىغا يازلىق شىپاڭ چىقىرىپ، ئاستىغا سۇپا ياساپ قويغان، يازلىق ھوجرىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دېرىزىنىڭ بولۇپ شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان قىلىپ لايىھەلەنگەن. يان تورۇسلارنىڭ ھەممىسى تۈرلۈك گۈل، نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. بەزى مېھمانسارايلارنىڭ ھويلىغا ياندىشقان چوڭ باغلىرى بولغان، باغ ئىچىگە تۈرلۈك ساياھەت ئەسلىھەلىرىنى ياساپ قويغان، يەنى شىپاڭ ياساپ ئەتراپىغا چىراغ پايلارنى ئورنىتىپ سۇپا چىقىرىپ قويۇلغان. دېمەك دەڭ - مېھمانسارايغا چۈشكەن يولۇچى - كارۋانلار ھوجرىدا ئولتۇرسۇن ياكى ھويلا - باغلاردا ئولتۇرسۇن تەبىئەتنىڭ نېمەتلىرىدىن، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ماھارىتىدىن تولۇق ھوزۇر ئالالىغان.

### دەڭ - سارايلارنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى تەقدىرى ۋە تەرەققىياتى

دەڭ - ساراي مەدەنىيىتى بىزدە نەچچە ئەسىر داۋام قىلغان ھەم ناھايىتى گۈللەنگەن. قەشقەر، ئۈرۈمچى، غۇلجا، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق تارىخى ئۇزاق، ئاھالىسى كۆپ، ھەم زىچ شەھەرلەردە نۇرغۇن چوڭ - چوڭ دەڭ - سارايلار بارلىققا كەلگەن دەڭ - سارايلار ھەتتا ئەڭ كىچىك بازارلارغا قەدەر كېڭەيگەن. بۈيۈك يىپەك يولىنىمۇ ئاشۇ كارۋانلار ئاچقان، بىرلا ۋاقىتتا 200، 300 يولۇچى، 300 - 400 ئات، ئۇلاغنى سىغدۇرالايدىغان ھەشەمەتلىك دەڭ - سارايلار بولغان. بۇنداق دەڭ - سارايلار تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ بېشىغا قەدەر مەۋجۇت ئىدى. شەھەر، بازارلاردىكى نۇرغۇن دەڭ - سارايلار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ

MIRAS

ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل ھەرىكەتلەردە جامائەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ھۆكۈمەت كادىرلىرى يېتىپ قوپىدىغان ئورۇن قىلىنغان، بەزىسى چوڭ يىغىن زاللىرى قىلىنغان. جامائەت ئاشخانىسى قۇرۇلغان مەزگىللەردە نۇرغۇن دەڭ - سارايلار جامائەت ئاشخانىسى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. نۇرغۇن دەڭ - سارايلار باللار يەسلىسى، كىنوخانا، ئاشلىق ئامبىرى، مەجلىسخانا، دوختۇرخانا، مەكتەپ، قول ھۈنەر كارخانىسى، پىلىخانا، كەنت تەشكىلى، دېھقانلار ئۇيۇشما ئورنى، دېھقانلار ساۋات چىقىرىش مەكتىپى، كەسپىي تېخنىكا ئورۇنلىرى، كەنت باشقۇرۇش مەركىزى، ساناتورىيە قىلىپ ئىشلىتىلگەن. ھۇجرىلىرى كۆپ، ھويلىسى چوڭ، قورۇ - تاملىرى مۇستەھكەم، كۆل - قۇدۇقلىرى تەييار، مۇھىتى ياخشى ئازادە بولغاچقا يېڭى قۇرۇلغان ھاكىمىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئېغىر قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭىشكە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى بەرپا قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆتكۈنچى قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. دەڭ - سارايلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىدا ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئورۇنلار ئۇنى بىراقلا يىقىۋەتمەي ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئوبدان پايدىلانغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن كېيىن دەڭ - سارايلارنىڭ ئورنىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. دەڭ - سارايلار پۈتۈنلەي چېقىپ تاشلاندى. بۇنىڭغا مۇنداق ئىككى ئىش سەۋەب بولدى. بىرى زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرى بارلىققا كېلىپ ئات، ئۇلاغ ئىشلىتىش ئىستېمالدىن قالدى. يەنە بىرى زامانىۋى مېھمانسارايلار قۇرۇلۇپ ئەنئەنىۋى دەڭ - مېھمانسارايلار ئىستېمالدىن قالدى. زامانىۋى قاتناش قوراللىرى ئۈچۈن مەخسۇس قاتناش بېكەتلىرى قۇرۇلدى، يولۇچىلار زامانىۋى قاتناش قوراللىرى ئارقىلىق يول يۈرىدىغان بولدى. بۇرۇن دەڭ - سارايلاردا قونىدىغان يولۇچىلار ئۈچۈن زامانىۋى ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان ئازادە يورۇق مېھمانخانىلار قۇرۇلۇپ ئەلا مۇلازىمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى. ئەمما بېكەت، مېھمانسارايلارنىڭ قاندىلىك زامانىۋىلاشقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ رولىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولمىدى، ئۇزاق تارىخقا ئىگە دەڭ - سارايلار ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغان مېھمانخانىلار يەنىلا شۇ دەڭ - سارايلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، چۆل - باياۋانلارغا بەرپا قىلىنغان دەڭ - سارايىنىڭ كۆپىنچىسى تەرەققىي قىلىپ يېپەك بويىدىكى نۇرغۇن كىچىك يېزا - بازارلارنى شەكىللەندۈردى. چۆل - جەزىرىلەردە بەرپا قىلىنغان دەڭ - سارايلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى تېخىمۇ چوڭ بولدى. نۇرغۇن چوڭ - كىچىك شەھەر، بازار، بوستانلىقلارنىڭ بەرپا بولۇشىغا ئاساس سالدى. دەڭ - سارايلار ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن دەڭ - ساراي، ئۆتەڭ، لەڭگەر، ساتما، تەكىيخانا، قونالغۇ بۇلارنىڭ ئاتىلىشى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ئوينىغان رولى ئوخشاش بولدى. ھازىر ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ھەرقايسى شەھەر، ناھىيەلەرنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسىگە قارايدىغان بولساق دەڭ - ساراي نامى بىلەن ئاتالغان نەچچە يۈز يەر - جاي ناملىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بىراق بۇ جايلاردا قەدىمىي دەڭ - سارايلارنىڭ ئىزناسىدىن ئەسەرمۇ يوق. شۇنداق بولسىمۇ نۇرغۇن دەڭ - سارايلارنىڭ ئورنى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن. ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد داۋاملىشىپ نامى ھازىرقى دەۋرگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال، چۈنكى كېيىنكى ئەۋلادلار ئاشۇ نام بىلەن ئاتالغان جايلاردا ناھايىتى چوڭ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك، كاتتا بېزەلگەن دەڭ - سارايلارنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلالايدۇ.

دەڭ - سارايلار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خەلققە قولايلىق يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرچىنى ئەڭ سەمىمىيلىك بىلەن ئادا قىلىپ كەلدى، دەڭ - سارايغا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت ئېڭى مۇجەسسەملەنگەن، شۇڭا تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# سۈپەتلىك ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى مۇھىم ھالقا

نۇر يۇنۇس

ھەرقانداق مەتبۇئات ئۈچۈن ئۆز خاراكتېرىگە ماس كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ يېتەرلىك بولۇشى بىر ئارتۇقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. يېتەرلىك ئەسەر مەنبەسى بولغاندىلا گېزىت-ژۇرناللار دەل ۋاقتىدا ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈلىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئەۋزەللىك ھەر دائىم بولۇۋەرمەيدۇ، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ تۈرى، ئوقۇرمەنلەر قاتلىمى، رايون ئالاھىدىلىكى، ۋاقىتچانلىقى، دەۋرنىڭ تەلىپى قاتارلىق پەرق تۈپەيلى مۇھەررىرنىڭ قولىدا نۇرغۇن ئەسەر بولسىمۇ، ئىشلىمەكچى بولغان نۆۋەتتىكى سانلارغا ماقالە، ئەسەر ماس كەلتۈرەلمەيدىغان ئەھۋاللار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بىر قىسىم ئاپتورلار ژۇرنالنىڭ خاراكتېرىنى ئويلاشمايلا ئەسەر ئەۋەتىپ، چىقىدىغان-چىقمايدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ مۇھەررىرلەرنى تەڭقىسلىقتا قويىدۇ. بىر سان گېزىت ياكى ژۇرنالنى ئىشلەپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بولغىچە بولغان جەرياندا مۇھەررىرلەرنىڭ دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلىرىنى پەقەت ئۆزلىرىلا بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە تەجرىبىلىك مۇھەررىرلەر بۇ خىل قىيىنچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ئەتراپىغا پىشقان قەلەم ئىگىلىرىنى ئۇيۇشتۇرالايدىغان بولۇپ، ئۆزى ئۇيۇشتۇرغان ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيدۇ، بىراق مەتبۇئات ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق مۇھەررىرلەرنىڭ بۇ جەھەتتە تەجرىبىلىك، ئىقتىدارلىق بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

قانداق قىلغاندا مۇھەررىرلەر ئۆزى ئىشلەۋاتقان ساھەدىكى گېزىت-ژۇرناللارغا سۈپەتلىك ئەسەر ئۇيۇشتۇرالايدۇ، سۈپەتلىك ئەسەرلەر قانداق ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ؟

ئەمەلىيەتتە ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش جەريانى تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بارلىق مەتبۇئاتلارنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى توغرا ئىدىيە، توغرا دۇنيا قاراش بىلەن يېتەكلەشتىن ئىبارەت. مەلۇم بىر ژۇرنالنىڭ قانداق چىقىشى ئالدى بىلەن ماقالە، ئەسەرگە باغلىق، سۈپەتلىك ۋە يېتەرلىك ئەسەر مەنبەسى بولغاندىلا ئاندىن ژۇرنال مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، مۇھەررىر يالغۇز تەھرىر بۆلۈمگە كەلگەن تەييار ئەسەرگە تايىنىپلا قالماستىن، بەلكى ژۇرنال سەھىپىلىرىگە ماس كېلىدىغان، دۆلەتنىڭ تەشەببۇسلىرىغا ئۇيغۇن، ئوقۇرمەنلەر نەپ ئالالايدىغان سۈپەتلىك ئەسەر تېمىلىرىنى پىلانلىيالىشى كېرەك. ئەلۋەتتە پىلانلانغان ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى يېڭى، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە يۈزلەنگەن، ئىدىيەسى ساغلام بولمىقى زۆرۈردۇر. ئەگەر ئەسەرلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئاپتورلار تاپشۇرۇلغان تېمىلارنى دەل ۋاقتىدا مۇھەررىرگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەش سەۋەبىدىن ئەسەرنى ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا ئارتۇقتىن-ئارتۇق ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەررىرلەر بۇ جەھەتتە سالماق، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئاپتورلارغا توغرا نىشان بەلگىلەپ بېرەلەيدىغان سەۋىيەنى ھازىرلىشى، ئۇنىۋېرسال بىلىم جەھەتتە ئۆزىنى ھەر ۋاقىت قوراللاندۇرۇشى لازىم. بولۇپمۇ ئىلمىيلىكى كۈچلۈك، تەتقىقات قىممىتى بار، نەزەرىيەۋىلىكى چوڭقۇر تېمىلاردىكى ئەسەرلەرنى ئۇيۇشتۇرغاندا ئاپتورلارغا تەتقىقات دائىرىسى، يەتمەكچى بولغان نىشان، پايدىلىنىدىغان ماتېرىيال مەنبەسى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلمىغاندا، ژۇرنالنىڭ خاراكتېرىگە ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. مۇھەررىرنىڭ ئەمگىكى شۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىككى، بىر پارچە ئەسەر يېزىلىشتىن باشلاپ، تەھرىرلىنىپ، تەستىقلىنىپ تاكى ئوقۇرمەننىڭ قولىغا ئۆتكىچە بولغان بارلىق جەريانغا نۇرغۇن ئەجرى سىڭگەن بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن ئۈچۈن مۇھەررىر ئالتۇن كۆۋرۈكتۇر. ھەرقانداق مۇھەررىر ئۆزىنىڭ بۇ خىل مۇھىم رولىنى ئەستىن چىقارماسلىقى، خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېس قىلالىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك

جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەسەر ئۆيۈشتۇرۇش — بىر تۈرلۈك ماھارەت، مۇھەررىرگە نىسبەتەن ئالدىن ئەسەر پىلانىنى تۈزۈش ئىقتىدارى بولۇش ئەقەللىي ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ، ئىشلەۋاتقان خىزمىتىگە بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇر مۇھەررىر ئۆز ساھەسىدىكى ھەرقانداق بىر يېڭى ئۇچۇرغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغاندا، ئۆزى ئېھتىياجلىق ئەسەرنىڭ نېمىلىكىنى ئېنىق بىلەلەيدۇ، نىشان ئېنىق بولغانىكەن ئۇ ھالدا قايسى ئاپتورغا قانداق تېمىنى تاپشۇرۇش، قايسى مەزگىلدە ئېلان قىلىش، ھەتتا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسى قانداق بولىدۇ، تىراژغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ... دېگەندەك ژۇرنالنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئاقىۋەتلەرنى مۆلچەرلىيەلەيدۇ. دېمەك مۇھەررىر يازغۇچىنىڭ سۈپەتلىك ئەسەر يېزىپ چىقالىشىغا تۈرتكە بولالايدۇ. مۇھەررىر بىلەن يازغۇچى ئىنتايىن ياخشى ھەمكارلاشقاندا، بولۇپمۇ ئۇنىۋېرسال بىلىم جەھەتتە بىر-بىرىنى تولۇقلىغاندا ئېلان قىلىنغان ئەسەرنىڭ قىممىتى بولىدۇ، يازغۇچىنىڭ ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىكى ئورنى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، مۇھەررىرنىڭ ئەمگىكى نەتىجىلىك بولغان بولىدۇ. تەھرىرلىك مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسىپ، ئۇنىڭ سىياسى، ئىدىيەۋى، نەزەرىيەۋى تەلىپى ئىنتايىن كۈچلۈك، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەررىر ئەسەر ئۆيۈشتۇرۇشتىن ئاۋۋال ئەسەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تەسىرىنى چىقىش قىلىشى، دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ مەنىۋى مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. يەنە بىر نۇقتىدىن نىشانلىق ھالدا مەتبۇئاتقا كېرەكلىك ئەسەرلەرنى مۇھەررىرنىڭ تەلىپى بويىچە ۋاقتىدا تەييارلاپ بېرەلەيدىغان ئىشەنچلىك ئاپتورلارنىڭ بولۇشىمۇ نەشرىيات ئۈچۈن بىر ئەۋزەللىكتۇر.

**ئىقتىدارلىق ئاپتورلار قوشۇنى يېتىشتۈرۈش — مول بولغان ئەسەر مەنبەسىدىن دېرەك بېرىدۇ**

تەھرىرلىك يېزىقچىلىقنىڭ ئاساسى، ھېچقانداق ئەسەر تەھرىرلەنمەستىن، بەلگىلىك سۈپەت ئۆلچىمىگە توشماستىن ئېلان قىلىنمايدۇ. مۇھەررىرلەرگە ئايانكى، مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ دەسلەپ يېزىقچىلىقنى باشلىغاندىن تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە تەھرىرلىك ئۆتكىلىدىن ئۆتىدۇ، دۇنياغا داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ، مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ كەينىدە ئەدىبلەرگە ئۇستاز بولغان، شۆھرەتلىك ئەسەرلەرنىڭ روياپقا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان مۇھەررىرنىڭ تۆھپىسى بولىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر يازغۇچىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى، ئۇنتۇلماس ئەسەرلەرنىڭ دەۋردىن-دەۋرگە يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن تەھرىرلىك ئۆتكىلىنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك بۇ ئۆتكەل جەرياندا ئاپتور بىلەن مۇھەررىرنىڭ شەخسىيەتسىز ئالاقىسى تەبىئىي شەكىللىنىدۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەجرىبىلىك مۇھەررىر ئەسەرنى كۆرۈش، ئىشلەش جەريانىدا ئاپتورنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى، قانداق يۆنىلىشتە پىكىر يۈرگۈزىدىغانلىقىنى، قىسقىسى نېمىگە يارايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ. ئەمما ياراملىق مۇھەررىرنىڭ داڭلىق يازغۇچى بولالىشى ناتايىن. چۈنكى تەھرىرلىك خىزمىتى جەرياندا ئۇ ئۆز بىلىمىنى ئىشلىگەن ئەسەرلىرىدىگە سىڭدۈرۈپ ماڭىدۇ، ئويلىغانلىرىنى ئاپتورلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ بېرىدۇ ياكى ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ قارىغان ئاپتورلارغا تەۋسىيە قىلىدۇ. دېمەك، بۇ جەرياندا تەبىئىيلا ئەتراپىغا بەلگىلىك كۆلەمدە ئاپتورلار قوشۇنى ئۇيۇشتۇرىدۇ، مەلۇم بىر گېزىت ياكى ژۇرنال ئەتراپىدىكى دائىملىق ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ سەۋىيەسى شۇ مەتبۇئاتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەررىر ئۆزىنىڭ ئۇستازلىق ئورنىنى تونۇپ يېتىپ، يېڭىدىن يېزىقچىلىق ساھەسىگە قەدەم قويغان ئاپتورلارغىمۇ پۇرسەت بېرىشى، ئىمكان بولسا يۈزتۇرا كۆرۈشۈپ، بىر تۈركۈم ياش قەلەمكەشلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا كۈچ چىقىرىشى كېرەك، بۇنداق بولغاندا ئۆزى ئىشلەۋاتقان مەتبۇئاتنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان سۈپەتلىك ئەسەر مەنبەسىنى ياراتقان بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، سۈپەتلىك ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن بەلگىلىك كۆلەمدىكى ئاپتورلار قوشۇنى ھاسىل قىلىش ئۆزئارا ئورگانىك مۇناسىۋەتتىكى جەريان بولۇپ، تەھرىرلىك خىزمىتىدە سەل قارالسا بولمايدىغان مۇھىم ھالقا. مۇھەررىر تەشەببۇسكارلىق بىلەن، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ كەسىپ دائىرىسىدىكى ئۇچۇرلارغا سەزگۈر بولۇشتىن سىرت، بىلىمىنى، تەجرىبىسىنى ئاپتورلاردىن ئايىماسلىقى، گېزىت ياكى ژۇرنالنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان يېڭىدىن-يېڭى تېمىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سۈپەتلىك ئەسەر مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئۆز كەسپىگە جان كۆيدۈرىدىغان، ئىسمى-جىسمىغا لايىق ھەقىقىي مۇھەررىرلىك سالاھىيىتىنى ھازىرلىيالىغان بولىدۇ.

(ئاپتور: «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى نەشرىياتىدا)

www.uyghurkitap.com

## ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقى تېمىسىدىكى ھۆسنىخەتلەردىن







